شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

2

2002

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى

# World Uygur Youth Congress

## WELTKONGRESS DER UYGURISCHEN JUGEND

## ВСЕМИРНЫЙ КОНГРЕСС УЙГУРСКОЙ МОЛОДЁЖИ

## المجلس العالمي للشباب الأويغوري

## *Dünya Uygur Gençleri Kurultayı*

## 世界维吾尔青年大会

# دائىمى كومىتېت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر













# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان ژورنىلى

## مۇندەرىجە


قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋقا مەكتۇپ ............ دولقۇن ئەيسا 3

كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتى پائالىيەتتە ........... 4

يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم ......... ئىزچىمەن 5

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا، رۇسىيە، خىتاي ئۈچ بۇلۇڭى............... تىمۇر كوچائوغلى 15


## پىكىر دۇردانىلىرى


پېنتاگون پاجىئەسىدىن تۇغۇلغان ئويلار ........................ ئۆتكەن 18


## سىياسىي مۇلاھىزىلەر

شوھرەت ھوشۇر


ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تېررورىزىم بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟ ........................ 21

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتى ھەققىدە ئويلىنىش ........................................... 24

تېررورىزىم ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە ۋەزىيىتى ........................... 27

« شاڭخەي ئىتتىپاقى » نىڭ كېڭىيىشى ۋە ماھىيىتى ............... ئۆمەرجان ئىمىن 30



ژورنال خادىملىرى:

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئەكرەم ھېزىم

مۇھەررىرلەر:

شۆھرەت ھوشۇر

ئۆمەرجان ئىمىن

ئابدۇجېلىل توران

بىلگەتېكىن

كومپيۇتېردا:

مۇنەۋۋەر تالىپ

مەرھابا تۇرسۇن

ژورنال ۋەكالەتچىلىرى

ئامېرىكا:

ئىلىيار شەمشىدىن

كانادا:

مەمەت توختى

سەئۇدى ئەرەبىستان:

سىراجىدىن ھاجىم

تۈركىيە:

ئا. توران ، ئەركىن ئەمەت

بېلگىيە:

ئابدۇرېھىمجان، سەيدۇللام

قىرغىزىستان:

تۇرسۇنتاي، ئابدۇراخمان

قازاقىستان: ئابدۇرېشىت

شۋېتسىيە: دىلشات رېشىت

ئەنگلىيە: ئەنۋەر

گېرمانىيە: ئابلىكىم

گوللاندىيە: نىغمەت

# ئالاقىلىشىڭ !

ئەزىز ۋەتەنداشلار:

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان نەشر ئەفكارى بولغان « شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » ژورنىلى 2002 ـ يىلى 24 ـ 26 ـ يانۋار گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دائىمى كومىتېت 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، پەسىللىك ژورنالدىن قوش ئايلىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى ۋە ژورنال ئىدارە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى. ژورنىلىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىلىرىمىز قاتارىدا. دەۋا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتنىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ جاراڭلىق رەۋىشتە دۇنياغا ئاڭلىتىش، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن مىننەتسىز بەدەل تۆلەۋاتقان كۈرەش ئەھلىنى توغرا پائالىيەت ئۇسۇلى، يېتەكچى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن تەمىنلەشكە ئائىت سىياسىي، ئىلمىي ئەسەرلەرگە ئېھتىياجىمىز بارلىقىنى قايتا ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە، ياشلار قۇرۇلتىيى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تەنقىد، تەكلىپ ھەم پىلان، لايىھىلەر ئارقىلىق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ زورايتىش يولىدا تىگىشلىك خىزمەتتە بولۇشقا چاقىرىمىز. دەۋايىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ھەرقانداق پىكىرگە، ئەسەرگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىمىزدىن شۈبھىلەنمەسلىكىڭىزنى سورايمىز. ژورنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئەسەر مەۋقەسى ئاپتورغا خاس. ژورنال ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. ۋەتەن سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۆز ئادرېسىغا بىۋاستە ئەۋەتىلىشنى ئىستىسە، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ، ھەرسان ژورنال ئۈچۈن 2 $ پوچتا ھەققىنى قوشۇپ ژورنال ئىدارە ھەيئىتىگە يوللىسا، ژورنال بىۋاستە ئەۋەتىلىدۇ.

ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە ژورنىلىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئىستىگۈچىلەر تۆۋەندىكى ئادرېستىن پايدىلانسا بولىدۇ:

Weltkongress der Uygurischen Jugend
Postfach: 31 03 12
80103 Munchen - Germany

تەشكىلاتىمىزغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشنى خالىغۇچىلار تۆۋەندىكى بانكا ئادرېسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ:

Weltkongress der Uygurischen Jugend
Bankhaus Reuschel & co
Konto Nr : 1036051
BLZ : 70030300

تەشكىلاتىمىزنىڭ تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى : 0049 89 54 03 06 43

ھۆرمەت بىلەن:

ئىنفورماتسىيون ـ تەشۋىقات بۆلۈمى

# قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋقا مەكتۇپ

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت ئەسقەر ئاقايېۋ:

قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى توربازا بازىرىدا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان 50 مىڭ ئۇيغۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قاتتىق قايغۇغا سالماقتا. يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى بايلىقلىرى بۇلاپ تالىنىۋاتقان، ئىنسانىي ھەقلىرى قولىدىن تامامەن ئېلىنغان، ئۈستىدىن ئۆلۈم جازالىرى توختىماي ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ مەزلۇم مىللەتنىڭ ئوت ئاپىتىنى كۆتۈرۈپ قوپىقىدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. تەشكىلاتىمىز بۇ ۋەقەنىڭ تەبىئىي ئاپەت ئىكەنلىكىگە خۇددى مەزكۇر بازارنىڭ قىرغىز خىزمەتچىسى ئىيتقىنىدەك گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت ئاپىتىدىن كېيىن قىرغىزىستان ئوت ئۆچۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللانماسلىقى، قىرغىز ساقچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ ئامان قالغان پۇل ـ ماللىرىنى بۇلىشى قىرغىز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەقەگە قارىتا ئېغىر دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. تەشكىلاتىمىز بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىككە قارىتا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە قىرغىز ھۆكۈمىتىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئېلان قىلىشنى، ۋەقە سادىر قىلغۇچىنى ۋە بۇلاڭچىلارنى جازالىشنى، بۇلانغان پۇل ـ ماللارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، زىيانغا ئۇچرىغانلارغا تېگىشلىك ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەمدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەشكىلاتىمىز شۇنى بىلىپ تۇرۇپتىكى، قىرغىز ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈنكى بۇ ۋەقەدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قارشى خىتاي بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى، ئەسقەر توختى ۋە ئەخمەت گۈنان قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ھەقسىز جازاغا تارتىشى قاتارلىق ھەيرى ئىنسانىي ئىجرائاتلىرىنىڭ ئارقىسىدا بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كېلىچىكىگە گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تەخمىن خاتالىقى مەۋجۇد. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەشكىلاتىمىز قىرغىز دۆلىتىگە شۇنى خاتىرلىتىپ ئۆتىدۇ: خىتاي ئىمپېرىيالىزمى سابىق سوۋېت ئىمپېرىيالىزمىدەك قۇدرەتلىك ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ئاز قىرغىز قېرىنداشلىرىچىلىك دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە. قىرغىز دۆلىتى ۋە ھۆكۈمىتى بۈگۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تۇتقان سىياسىي ئىجرائاتلىرىدا قىرغىز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە، ئىرادىسىگە ھەقىقىي تۈردە ۋەكىللىك قىلالمايۋاتىدۇ. چۈنكى قىرغىز خەلقىنىڭ يالغۇز ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىسىلا ئەمەس، شان ـ شەرەپ مەنپەئەتى مەسىلىسىمۇ بار. يالغۇز بۈگۈنلۈك مەنپەئەتلا ئەمەس، كېلەچەك مەنپەئەتلىرىمۇ بار.

بىز دېيىشىمىز، قېرىنداشىمىز، قوشنىمىز بولغان

قىرغىز دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ گۈللىنىشىنى كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل سەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ قوغدىلىشىدا ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايمىز. ئەمما بۈگۈن قىرغىز دۆلىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى رەت قىلىشىنى، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى بوغۇشىنى خالىمايمىز. نۆۋەتتە كەلگەندە يول قويمايمىز. بۇ كۆرىشىمىزدە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربىي دۆلەتلىرى بىزنى يالغۇز قويمايدۇ. قىسقىسى، تەشكىلاتىمىز قىرغىز دۆلىتى ۋە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئادىل بولۇشقا ۋە ئاقىلانە بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆت ئاپىتىگە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋىي زىيانلىرىنىڭ تولۇقلىنىشىدا تېگىشلىك تېرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىنى يەنە بىر قېتىم جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.

بۈگۈن دۆلەتسىز بىر مىللەتمىز، شۇڭا بۇ تەلەپلىرىمىزنىڭ قۇرۇق قەغەز بولۇشتىن باشقا رول ئوينىيالماي قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ بىلىمىز. ئەمما بۇ قەغەزنىڭ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ـ قىرغىز ئەۋلادلىرىنىڭ دېپلوماتىك ئۈستەللىرىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆججەت قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، قولدىن چىققان مەنپەئەتلىرىمىزنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى رەئىسى :

دولقۇن ئەيسا

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## ئۇيغۇر كانادا جەمئىيتى پائالىيەتتە

25 ـ 26 ـ فېۋرال كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىل گاراھامنىڭ تەكلىۋى بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمەت توختى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كانادا جەمئىيتى ۋەكىللىرى ئوتتاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن « كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستېرلىكى ۋەNGO لار يىللىق مۇزاكىرە يىغىنى » غا قاتناشتى ۋە بىل ئەپەندى بىلەن 10 مىنۇت مەخسۇس كۆرۈشۈپ، 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىن خىتاينىڭ ش ت دىكى قىرغىنچىلىقىنىڭ كىلاسسىك مەنادىكى كىشىلىك ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنى، دەۋلەت تېررورىزىمى ئاستىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تامامەن يوقۇلۇش گىرداۋىغا ئىتتىرىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى بىگۇناھ ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس، ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلىرىمىزگىمۇ زەھەرلىك قولىنى سۇنۇپ، ئۆلتۈرۈش ۋە ئوت قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ھەم كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قارىتا تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

26 ـ كۈنىدىكى يۇمۇلاق شىرە مۇزاكىرىسىدە ۋەكىللەر يەنە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەم مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ ش ت دىكى زەربىگە ئۇچرىغان زىيالىلار ۋە بىگۇناھ تۇتقۇنلارنى ئىزچىل سۈرۈشتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىل ئەپەندى سۆزىدە، ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر رايونىغا ئىككى قېتىم رەسمىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنلىكىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پروگراممىسىغا مەبلەغ سالغانلىقىنى ۋە بېيجىڭدىكى خادىملىرى ئارىسىدىن ئۇيغۇر مەسىلىسى تەتقىقاتىغا مەخسۇس ئادەم ئاجراتقانلىقىنى تەكىتلىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستېرلىكى خىتاي موڭغۇلىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى يېقىندىن بۇيان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تېررورىستلىقتا ئەيىبلەپ تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئاساسىدا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتى بۇندىن كېيىن نىشانىنى بۇخىل رەسمىي قانال‌لارغا قاراتماقچى.

# يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم

## ئىزچىمەن

( ئىزاھات: « بۇ ماتېرىيالدا يېقىن تارىخىمىزدىكى مەغلۇبىيەتلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتىكى دۈشمەن ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى خىتاينىڭ سۇنئىي كۆپيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەرلىشىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاش ۋە دۈشمەن قوراللىق كۈچلىرىگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بويىچە قەدەممۇ قەدەم قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، نۆۋەتتە خىتاي كۆپيىشىنى توسۇشنىڭ بىردىن بىر چارىسى ــ خىتاي كۆچمەن تاجاۋۇزچىلىرى ئارىسىدا ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئارقىلىق، يېڭىدىن تاجاۋۇزغا ئاتلىنىش ئالدىدىكى خىتايلارنى ۋەتىنىمىزگە ئاياق بېسىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ھەرىكەت دولقۇنى قوزغاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلگەن. » بۇ مەزمۇن تەشكىلاتىمىزنىڭ پىلان ـ پروگراممىلىرى ياكى ھەرىكەت ئۇسۇلى داىرىسىدە ئەمەس. ئەمما مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس بۇ ماتېرىيالنىڭ كۈرەش دەستۇرى سۈپىتىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چەتكە قاقماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ قوراللىق قارشىلىققا مەجبۇرلىنىۋاتقان خەلقىمىزنى دۈشمەن بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ « تېررورىست » دەپ ئەيىپلەۋاتقان تېنچلىقپەرۋەر زاتلىرىمىز بۇ پاكىتلارنى ياخشى ئانالىز قىلىپ، بۇلغانغان روھنى تازىلىشى ۋە قايمۇققان ئىدىيىسىنى رۇسلىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تېنچلىقنىڭ نىمە، ھەرىكەتنىڭ نىمە بەخش ئەتكىنىنى يېقىنقى زامان ھەم بۈگۈنكى زامان تارىخىمىزدىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، مىللىي مۇجادىلىمىز تەقەززا قىلىۋاتقان توغرا يولغا قەدەم بېسىشى لازىم. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندىن باشلاپ « يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم » نىڭ ئاشكارىلاشقا بولىدىغان قىسىملىرىنى پاراگرافلار بويىچە دىققىتىڭىزغا سۇنىمىز. مەسئۇل مۇھەررىردىن)

بۇ كىتاب مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت دولقۇنىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان پىدائىلىرىمىزغا بېغىشلىنىدۇ.
ئاللاھ سىزگە ئۆلمەس جاسارەت، يېڭىلماس ئىرادە ئاتا قىلغاي، ئامىن !

## كىرىش سۆز

ۋەتىنىمىز بۈگۈن ئون مىليوندىن ئارتۇق كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچى ئاھالىسى ۋە ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى قوراللىق تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە تولغان ئىنتايىن ئېغىر دۈشمەن ۋەزىيىتى ئاستىدا تۇرماقتا. بۇ تاجاۋۇزچىلار ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق

بارلىق ساھەلىرى بويىچە مۇتلەق ئۈستۈن ھاكىممۇتلەقلىقنى تىكلەپ پائالىيەت قىلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىۋالماقتا. ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزنى بىپايان يېزا ـ قىشلاقلاردا چېكىدىن ئاشقان نادان، نامرات، ھوقۇقسىز قالدۇرغىنىنى ئاز دەپ، ۋەتىنىمىزگە تارتىپ كەلگەن قوش رېلىسلىق تۆمۈريول قاتنىشى ۋاستىسى بىلەن شىددەتلىك كۆچمەن يۆتكەش دولقۇنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يۈز مىليۇنلۇق ئىككىنچى خىتاي يۇرتى ھالىتىگە كەلتۈرىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشماقتا.

خەلقىمىز خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ۋەتىنىنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نۇرغۇن قېتىم قانلىق كۆرەشلەرنى قوزغىغان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدىن بىر ئۇچۇم «ئەقىل ئىگىلىرى» ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلىرىمىز بىلەن زىچ ئىتتىپاق تۈزۈپ، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىمىزنى ئاتالمىش «تېنچلىق» ھەرىكەتلىرىگە بۇرىۋېتىپ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلەرگە سەۋەپچى بولۇشتى. ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ھالدا تەرغىپ قىلغان «تېنچلىق» شوئارى ئەينى چاغدىكى ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ھەم پارتىزان كۈچلىرى بولغان ۋەزىيەتتىن، بۈگۈنكى بىرمۇ ئەسكىرى بولمىغان ۋەزىيەتكە كەلتۈرۈلۈشكە سەۋەبچى بولدى.

ۋەتەن ئازاتلىق ھارپىسىغا يېقىنلاشقاندا، بۇ ۋەتەننى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن ئومۇمىي يۈزلۈك مۇنقەرىز بولۇشقا سۆرەپ مېڭىش، ھەرقانداق باھانە كۆرسىتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇچىغا چىققان خائىنلىق ھەرىكىتى بولىدۇ. بولۇپمۇ مىللىي ئازاتلىقا كۈن ساناپىدىغان ھالەتتىن بۈگۈنكىدەك تىنىق تارتىشقا بولمايدىغان ئۆلۈم گىرداۋىغا كەلتۈرۈلۈشكە سەۋەبچى بولغان ھەرقانداق كىشى ياكى تەشكىلاتنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتى قەتئىي تۈردە مىللىي مۇناپىقلىق ۋە ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەرىكەت، دەپ قارىلىشى شەرت. ھالبۇكى، ۋەتىنىمىز شۇنچە پاجىئەلىك ھالغا كەلتۈرۈلگىنىگە قارىماي، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز، ۋەتەنپەرۋەر نامى ئاستىدىكى كۆپ سانلىق تەشكىلاتلىرىمىز ھەدەپ تېنچلىق تەرغىباتىنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىشماقتا. بۇ كىشىلىرىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك چۇمبەردىسىگە ئورۇنۇۋېلىپ، «ۋەزىيەت پىششىپ يېتىلمىدى، خەلق ئويغانمىدى، بىھۇدە قان تۆكۈلىدۇ، خەلقئارا بىزنى تونۇپ بولالمىدى، ئامېرىكا بىزنى قۇتقۇزۇشقا تەييار بولۇپ قالدى، خىتاي دېموكراتلىرى بىزنى ئېتراپ قىلىش ئالدىدا...» دېگەندەك باھانىلارنى ئويدۇرۇشۇپ، ھەرخىل ساھالەر بويىچە خەلقىمىزنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان، جىم تۇرۇشقا مەجبۇرلايدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇرمايدىغان تەشۋىقاتلار بىلەن كەڭ شۇغۇللانماقتا.

خىتايدا يۈرگۈزۈلگەن كوممۇنىزىم پاجىئەسى ۋەتىنىمىزدە ھېلىگەر ۋە ۋەھشىيانە

شوۋىنىزىم تۈسىدە ئىجرا قىلىنغىنى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ـ ئاپەتلەر خىتاي كۆچمەن تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ھەسسىلەپ ئېغىر ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ۋەتىنىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا كەلگەن نەچچە مىليون خىتاي تاجاۋۇزچىسى ئۆزلىرىنىڭ شوۋىنىستىك غەرەزلىرىنى تېخىمۇ ئەركىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە يىگانە خىتايغىلا خاس ئىقتىسادى ۋە سىياسى ئۆزگىرىشلەرنى يارىتىشقا كىرىشتى. ئۇلار يەنە ۋەتىنىمىزنى تېز ۋاقىت ئىچىدە خىتايلاشتۇرۇش چارىسى ھېساپلانغان نوپۇس كۆچۈرۈش ئىشىنىمۇ جىددىي ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى.

ۋەتىنىمىز خەلقى قىسمەن يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاز ـ تولا ئوڭشىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مونوپولىيىسى، بېسىمى، ھەتتا ئاشكارە بۇلاشتۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە ئومۇمى يۈزلۈك نامراتلىشىشقا قاراپ ماڭماقتا. بۇ خىل ئېغىر زۇلۇمغا چىدىمىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز، بولۇپمۇ ئىرادىسىز، غايىسىز ياشلىرىمىز تۈيۈق يوللارغا مەجبۇرلىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەخلاقى ۋە مىللىي بۇلغۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ خىل مىللىي ئەخلاق بۇلغۇنۇشلىرىغا چىدىمىغان بىر قىسىم ۋىژدانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ھەققانى تەلەپلىرى بىۋاستە قوراللىق باستۇرۇشلار بىلەن خولاسىلىنىپ كەلمەكتە.

خەلقىمىز بۇ خىل پاجىئەلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى تەدرىجى ھالدا ھېس قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بېغىشلىماقتا. ئەپسۇسكى، بۇ خىل يوللارنىڭ ھېچ قايسىسى ۋەتىنىمىز مۇستەقىللىقىنىڭ ئۈپۈقىنى كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللىق بىھۇدە ئۇرۇنۇش ۋە بىھۇدە قۇربان بېرىشلەرنىڭ ئىزچىل مەيدانغا كېلىپ تۇرۇشى نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى ئويغا سالماقتا:

ئەجىبا بىزنىڭ مەھكۇملۇقىمىز پىشانىمىزگە پۈتۈلۈپ كەتكەنمىدۇ؟

خەلقىمىز تارىخىي كۈرەش ئەنئەنىلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ قالغانمىدۇ؟

مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان ھېچقانداق بىر ئۈنۈملۈك چارىمىز قالمىغانمىدۇ؟

بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ خىل سوئاللار يېقىنقى بەش، ئون يىل مابەينىدە بىر قىسىم پىكىر ئىگىلىرىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلىپ قىلماقتا. بۇ كىتاپتا ئەنە شۇ خىل ئۈمىدسىز سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ خاتا چۈشەنچىلىرى، بۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت باسقۇچلىرى ۋە بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ كونكىرىتنى ئۇسۇل ـ چارىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. بولۇپمۇ « مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟ » دېگەن ئەسىرىمىزدە كۆرسىتىلگەن ئۆزگىچە كۈرەش يولىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىمىز: بۇ دېمەك ـــ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! دېمەكتۇر.

# بىرىنچى بۆلۈم

## ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى

### 1 ـ پاراگراف: نوپۇس ئىشغالىيەتچىلىكى

بىز ئاۋال شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي نوپۇسى ھەققىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلار توغرۇلۇق قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتەيلى.

ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ھەقىقىي مىللىي نوپۇس سانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا كىشىلىرىمىز بىر قانچە خىل مەقسەتتە يېتىش خىيالى بىلەن ستاتىستىكىلىق پائالىيەتلەرگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تېپىك بولغانلىرىدىن مۇنداق بىرقانچىسى بار: بىرى، خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي نوپۇس سانىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «تەڭسىزلىك» نى چەكلەش. شۇ ئاساستا ۋەتىنىمىز خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ۋە تېخىمۇ كۆپ مەمۇرى ئورۇنغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر خەلقئارا قانۇنلاردا نوپۇسى 10 مىليوندىن ئاشقان مۇستەملىكە مىللەتلەرگە مۇستەقىللىقنى تونۇيدىكەن، دېگەن خام خىيالغا ئۈمىد باغلاش يۈزىسىدىن نوپۇس ئىنقىلاشقا قىزىقماقتا. ئۈچىنچى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز بولسا، نوقۇل ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئارقىلىق ماختىنىۋېلىشنى مەقسەت قىلىشماقتا. ھالبۇكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزنى تەدرىجى يوقۇتۇش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە خىتاي تاجاۋۇزچى ئېقىمىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلىشماقتا. يۇقارقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي نوپۇسى 10 ـ 35 مىليون ئارىسىدا بولغان، ستاتىستىكا قائىدىلىرىگە قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر بىرىدىن پەرىقلىق سانلار ئارىسىدا داۋالغۇپ تۇرماقتا.

بىز بۇ ماتېرىيالدا مىللىي نوپۇس سانىنى ئىنچىكىلەپ ئولتۇرمايمىز. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئاشكارە ۋە مەخپىي نوپۇس تەتقىقاتچى خادىملىرىمىز، سىياسيۇنلىرىمىز، ئاخپاراتچىلىرىمىز، قىزىققۇچىلىرىمىز يېتىپ ئاشقۇچە مەلۇماتلارنى بېرىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىمىز: ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي نوپۇسى مەيلى 10 مىليون ياكى 35 مىليون بولسۇن، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلىنىش ۋە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە يېتىپ ئاشقۇچە ئادەم كۈچىگە ئىگىمىز! بۇ يەردە بىزنىڭ ھەرگىزمۇ بىر مىلياردتىن ئارتۇپ كېتىۋاتقان بارلىق خىتايلار بىلەن جەڭ قىلمايدىغانلىقىمىزنى،

ئەگەر بىز ئەشۇنچە ۋەتىنىمىزنى تالان - تاراج قىلىۋاتقان نەچچە مىلىيون تاجاۋۇزچىلار بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنىشىمىزنى مۇقۇملاشتۇرىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقارقىدەك نوپۇس سانىمىزنى كۆز - كۆز قىلىپ، مىللىي مەنپەئەتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈرۈنغۇچىلارنى يېڭىچە تۈس ئالغان مۇرەسسەچىلەرنىڭ، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، دۇنيا قانۇنلىرى دېگەنلەردىن تاما كۈتكۈچى خىيالى تېنچلىقپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدە تۇتقان تەسلىمچىلىك يولىنىڭ بىر ئىپادىسى، دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. ۋەھالەنكى، خىتاينىڭ مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا، مىختەك قادىلىۋالغان ئون مىليونلۇق قاراقچى كۆچمەنلىرىگە، مۇستەھكەم زوراۋان ھاكىمىيىتىگە يالغۇز نوپۇس سانىمىزنىلا كوز - كۆز قىلىپ كۆرسەتسەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۈكى تەۋرەپ قويمايدۇ.

بىزنىڭ نوپۇسىمىز ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل - تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ، خالاس!

مەسىلىنىڭ تۈگۈنى نوپۇسىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانچىلىك سانغا يەتكەنلىكىدە. بۇ دۈشمەن قانداق قىلىپ بۇ ھالەتكە كېلىۋالدى، دۈشمىنىمىزنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، كەسپىي ئەھۋالى، ئىقتىسادى ئەھۋالى، قورال كۈچى، بىلىم كۈچى، كۆپىيىش ئېھتىماللىقى قانچىلىك... دېگەن مەسىلىلەر بىز ئۈچۈن ئېنىقلاپ ... مۇھىم ستاتېستىكا مەسىلىسى بولۇپ تۇرماقتا. ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى بىزنىڭ نوپۇس ئەھۋالىمىزغا ئەمەس، بەلكى دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن نىمىلەرگە ئېھتىياجىمىز بارلىقى، خەلقىمىز بۇگۈن ئاۋال قايسى دۈشمەن كۈچلىرىگە ئوكۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، دۈشمەن كۈچلىرىنى تەدرىجى قوغلاپ چىقىرىشىمىز ئۈچۈن ئىشنى ئاۋال نەدىن باشلىشىمىز مۇمكىنلىكىنى تېپىپ چىقىشىمىزغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تۇرماقتا.

بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سانى يېرىم ئەسىر ئاۋالقى « ئۈرۈمچى تېنچلىق سۆھبىتى » گە ئولتۇرۇش كۈنىمىزدە 50 مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە خەلقىمىز نوپۇسىنىڭ نەچچە مىليونلار بىلەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۈشمەن كۈچلىرى ۋەتىنىمىزدە ئاساسەن مەمۇرى ئەمەلدار، ساقچى، قوراللىق قوشۇن، ھايانكەش سودىگەر شەكلىدە تارقىلاتتى. ئۇلارنىڭ قوراللىق قوشۇنىمۇ چېگرا مۇداپىيە ئەسكەرلىرى شەكلىدە بولۇپ، دالا ئارمىيىسىنىڭ تايىنى بولمىغان، ئەمەلىي سانىمۇ ئون مىڭدىن ئاشمايدىغان چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى ئەسكەرلەر ئىدى. بۇ قوراللىق كۈچلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جەنۇبىي ۋە شەرقىي ۋىلايەتلىرىمىزنى، پايتەخت ئۈرۈمچىنى تېگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت مىللىي ئارمىيمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ماناس

دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ئەتراپىغا ئەۋەتەلىگەن كۈچلىرى بەش مىڭغىمۇ يەتمەيتى. ئەينى ۋاقىتتا خىتايلار دۆلىتىدە ياپونلاردىن ئەمدىلا قۇتۇلۇۋاتقان بولىشىغا قارىماي، ئىچكى جەھەتتە مىللەتچى خىتايلار بىلەن كوممۇنىست خىتايلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچ، خىتايدىن ۋەتىنىمىزدىكى تاجاۋۇزچى خىتايلىرى ئۈچۈن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتەلىشى ناتايىن ئىدى. ئەنە شۇنداق پايدىلىق پۇرسەتتە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، بىزنىڭ بىر قىسىم تەسىر دائىرىسى بار ئەرباپلىرىمىز 40 ـ 50 مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار ئارمىيىمىز بولىشىغا قارىماي، « بىز 450 مىليون نوپۇسلۇق بۈيۈك خىتاي ئىمپېرىيىسىگە تەڭ كېلەلمەيمىز » دەپ خەلقىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى. يەنى ئەينى ۋاقىتتا ۋەتىنىمىز نوپۇسى ئالدىدا بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىپ، بىز گويا خىتايغا تاجاۋۇز قىلىپ، 450 مىليون خىتاينىڭ ئورتاق قارشىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقىنىمىزدەك قورقۇنۇشلۇق خىيالىي مەنزىرىنى يارىتىشىپ، خەلقىمىزنى ۋە بىر قىسىم ساددا رەھبەرلىرىمىزنى قورقۇتۇشقان ئەرباپلىرىمىز، دەل بۈگۈنكىدەك نوپۇس ئويۇننى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى. بۈگۈنمۇ بۇ قىلىنى تەكرارلاۋاتقان « تارىخىي تېنچلىقپەرۋەر» ئەرباپلىرىمىزنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئەگەشكۈچىلىرى « بىز بىر ملياردتىن ئارتۇق خىتايىنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىپ ھىچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز، شۇڭا شەرتسىز تۈردە تېنچلىق يولى بىلەن ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك » دەپ خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق جەڭگىۋار روھىغا سوغۇق سۇ سېپىشمەكتە.

ئەجىبا، بىزنىڭ ئارىمىزدا خىتايغا تاجاۋۇز قىلىش « قارا نىيىتى » بار كىشىلەر بارمىدۇ؟ ياق! بىز پەقەت ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان تاجاۋۇزچىلارنىلا قوغلاپ چىقارماقچىمىز. ھە دېسىلا مەنتىقىلەر بىلەن خەلقىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن بۇ ئەرباپلىرىمىزنىڭ يۇقارقى تەھدىتىنى ئۆز مەنتىقىلىرى بويىچە شۇنداق چۈشەنسەك بولامدىغاندۇ: « بىز تارىختا خىتايلارغا تەسلىم بولۇپ ئىنتايىن توغرا يول تۇتقان ئىدۇق، ئەمدى ئىش ئاخىرلىشىۋاتقىنىدا بۇ ئاپپاق يولىمىزدىن يېنىۋالمايلى! » . ئەمدى بىز بۇ تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىزنىڭ كىملەردىن تۈرلىنىپ كېلىۋاتقىنىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرمەكتىمىز!

تارىختا « يەتتە قىزلىرىم » ھىچ قاچان سادىر پالۋانغا مىللى جاسارىتىنى بىۋاستە تەلىمات بىلەن مىراس قالدۇرمىغانلىقى ئېنىق. ئەمما سادىر پالۋان بۇ جاسارەتنى ۋاستىلىق مىراس ئېلىپ داۋاملاشتۇرغاندى. خۇددى شۇنىڭدەك، سادىر پالۋاننىڭ ئىسمىنى چۈشىدىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان تۆمۈر خەلىپىمىز بۇ جاسارەتنى مىراس ئېلىپ داۋاملاشتۇرالىغاندى. بۇ مىراس بىر بىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولمىغان ياكى بۇيرۇق ئالمىغان ھالدا خوجا نىياز ھاجىم، غېنى باتۇر، بارىن قەھرىمانلىرى تەرىپىدىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنمەكتە! بۇ تارىخنىڭ

يوشۇرۇن قانۇنىيتى، بۇ قانۇنىيەتتىن قارىغاندا، سەلبىي جەھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا كېرەك؟ ئاپپاق غوجا ۋەتەن خائىنلىقىنى ھەرگىزمۇ نىياز بەگكە بىۋاستە مىراس قالدۇرمىغاندى. ئەمما داۋاملاشتۇردى. نىياز بەگنىڭ مىراسىنى «سۇلھىچىلار» قانداق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ ئالدىكىن، 1913 — يىلدا، 33 — يىلدا، 45 — يىلدا، 49 — يىلدىمۇ بۇ مىراس بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلغاندى. مانا بۈگۈن بۇ مىراسچىلار خەلقىمىزنى چەك قاماللاپ تۇتۇپ تۇرماقتا! ھەتتا بۈگۈنكى ئاپپاق غوجا مىراسخورلىرى دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، دۇنيا تېنچلىقى، يەرشارى مۇھىتىنى قوغداش... دېگەندەك ئاپپاق غوجا ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان زامانىۋى تۈسلەرگە كەلتۈرۈپ داۋاملاشتۇرماقتا!

بەس، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى:

خەلقىمىز يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان بۇ خىل نوپۇس ئويۇنى، «تېنچلىق سوھبىتى» قاتارلىقلار بىلەن قايمۇقۇپ، 50 مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى نوپۇسىنىڭ بۈگۈنكى 10مىليوندىن ئارتىپ كەتكەن قورقۇنۇشلۇق ھالغا كېلىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋاقتىلىق ھۆكۈمىتىمىز دەۋرىدە ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سۇلھىچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك توغرا ستراتېگىيىنى تاللىۋالغان قوماندانلىرىمىزنى ئۇرۇش توختىتىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن تېنچلىق سۆھبىتىگە كەلتۈرۈۋاتقان كۈنلەر، جىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەھشەر كۈنلىرى ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىز بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بىر يېرىم مىڭ كىلومېتىرلىق چۆل يولىدا تۈزۈكرەكمۇ تاش يول بولمىغاچقا ھەمدە ئىچكى - تاشقى ئۇرۇش پالاكىتىدىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتقان خىتايلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى چېكىدىن ئاشقان خاراپ ھالەتتە تۇرىۋاتقاچقا، ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن يول ياساش، يېتەرلىك قاتناش ۋاستىسى تەييارلاش ئىمكانىيەتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى خىتاي ئەنئەنىسى بويىچە ئەپكەش كۆتۈرۈپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولغاچقا، تېنچ دەۋرلەردىمۇ يىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغان كەلگۈندىلىرىنىڭ سانى 10 — 20 مىڭدىن ئېشىپ باقمىغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەتىنىمىز ئىقتىسادى ئەھۋالى بەكمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىلگىنى، خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ تۇرالغۇسى، كىيىم - كېچەكى، يېمەك - ئىچمەكى قاتارلىق ئەقەللىي تەلەپلىرىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزگە زور كۆلەمدە يەرلىشىش ئىمكانلىرىمۇ يوق ئىدى. ئەينى يىللاردا ۋەتىنىمىز خىتايلار ئۈچۈن نوقۇل ھەربىي مۇداپىيە بوشلۇقىنى تولدۇرۇش رولىنىلا ئويناش مەقسەت قىلىنغاچ، ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن خىتايلار بۇ زېمىندا قانچىلىك يەر ئۈستى - يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ بولىشىنىمۇ بۈگۈنكىدەك بىلمەيتى. شۇ سەۋەپتىن ۋەتىنىمىز

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۈيۈقسىز بېيىۋېلىش، خىتايدىكى جىنايىتى ياكى ئاپەتلەردىن قېچىش، ئەمەلدارلىق ئاساسىنى تىكلىۋېلىش قاتارىدىكى ۋاقىتلىق مۇددىئالىرى بىلەنلا كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزدە ئەۋلاد قالدۇرغىچە يەرلىشىش خىيالىغا زادىلا كېلىپ باققان ئەمەس. بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى بۇ تاجاۋۇزچى باندىتلار ئەينى يىللاردا سۈنئىي كۆپىيىش ياكى تەبئىي كۆپىيىشنىڭ قىلچە شارائىتىغا ئېرىشەلمەي، ئومۇمى سانىنى ھېچ قاچان يۈز مىڭغا يەتكۈزەلىگەن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىزنىڭ قولىدىكى بايلىقلاردىن ئۆزلىرىلا پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغاچ ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە يېڭىدىن خىتاي رىقابەتچىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئەسلا قوبۇل قىلىشماي كەلگەندى. بومۇ ئۇلارنىڭ سۈنئىي كۆپىيىشىنى ۋاستىلىق چەكلەپ تۇراتتى.

جاڭ جىژجۇڭ ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقپالىنى، يەر ئاستى بايلىق ئېھتىماللىقلىرىنى، مۇھىم خەلقئارالىق ستراتېك ئورنىنى كۆرگەندەك قىلدى. ئەڭ مۇھىمى، ۋەتىنىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئۇرۇش يىغىلىقلىرى، تەبئىي ئاپەتلەر، سۈنئىي يارىتىلغان نامراتچىلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىليۇنلىغان خىتايلارنىڭ يۇرتلىرىغا پېتىشماي قېلىۋاتقىنىنى ئەسلىگەن بۇ ھېلىگەر جاللات ۋەتىنىمىزنى خىتاي نوپۇس يۆتكىدىن قۇتقۇزۇشتا ئەڭ ئىستىقباللىق ماكان، دەپ مۆلچەرلىشى، ۋەتىنىمىزگە ھەقىقى ئاپەتنىڭ باشلىنىش سىگنالى بولۇپ قالدى. جاڭ جىژجۇڭ ۋەتىنىمىزنى نوقۇل ھەربى ياكى دىپلوماتىيە بوشلۇقى سۈپىتىدىلا پايدىلىنىشتىن ھالقىپ، پۈتۈنلەي خىتاي يۇرتى ھالىغا كەلتۈرىۋېلىش مۇددىئاسى بويىچە تولۇق بېسىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ خەتەرلىك دۇنياۋى ھەربى كۈچ ھالىغا كېلىشى مۇقۇملىشىپ قالغان سوۋېت روسىيىسىنىڭ تەھدىتىدىن ساقلىنىش، جەنۇپتا ئېنگلىز ئىشتىپاقدېشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە شارائىت يار بەرگىنىدە غەرىپ دۇنياسى بىلەنمۇ ئىقتىسادى مۇناسىۋەت قۇرۇشتا قەدىمى يىپەك يولىدىن پايدىلىنىش جەھەتلىرىدە ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرى ئەڭ مۇھىم، دەپ قارىلاتتى. يەنە بىر مەسىلە، تارىخ بويىچە خىتايلارنى ئېغىر دەرىجىدە قورقۇتۇپ، دۇنياۋى شەرمەندىچىلىكنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىمۋولى بولغان سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇشقا مەجبۇرلاتقان مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىدىن تارىخى قىساس ئېلىش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن چىقىرىشنى ئەسلا خالىمايتى.

يۇقارقىدەك مۇددىئالارنىڭ بىرىيەرگە جەم بولىشى نەتىجىسىدە، خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىش مەسىلىسى ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ۋە ئار ـ نومۇسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان « مىللىي مەسىلە » تۈسىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە تولۇق تازىلاپ، يۇرتىمىزنى ساپ ئىككىنچى كىچىك خىتاي دۆلىتى ھالىتىگە كەلتۈرىۋېلىش ئىرادىسىگە كېلىۋاتقان ئىدى. بىزنىڭ « ئىنتېرناتسىيونال تېنچلىق سۆيەر » لىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، جاڭ جىژجۇڭ مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ

كۆچلۈك توسالغۇنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزدىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بارلىق دىپلوماتىك ۋە ئىچكى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىپ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزنى ئىنكار قىلىش، ئۇنى تېنچ ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاتالمىش « بىرلەشمە ھۆكۈمەت» قۇراشتۇرۇش، ئاندىن جىددى ئەسكەر كۆپەيتىپ، مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشنى نىيەت قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىدىن كەڭ پايدىلىپ، خەلقىمىزگە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزنى، مىللىي ئارمىيەمىزنى كوممۇنىزم ئاگېنتلىرى، قىزىل كوممۇنىست دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىش، مىللىي ئازاتلىق سېپىمىزنى پارچىلاش، يېتەكچىلىرىمىز ئارىسىدا زىددىيەت تېرىش، ئىدىيۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش پىلانلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇزلىرى ئەستايىدىل تاللاپ قۇراشتۇرۇپ چىققان « بىرلەشمە ھۆكۈمەت » دېگىنىگە كىرگۈزۈلغان ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكى كىشىلەرنى « پان تۈركىزىم، پان ئىسلامىزىم، پان سوتسىيالىزىم، چىن تۈركىزىم... » قاتارىدىكى مىللىي تەقدىرىمىزگە قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان پىكىرلەر ئەتراپىدا ئۇزارا تالاشقا سېلىپ، بۇ خىل ئىچكىي سۈنئىي زىددىيەتلىرىمىزدىن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ئەنە شۇنداق سۈيقەست، ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن ئارمىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنى جەنۇبى ئۆلكىلىرىمىزدىكى خەلقلىرىمىزنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قىلىۋەتتى. ھەتتا قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدىلا قورچاق « بىرلەشمە ھۆكۈمەت » تىن ئىككىنچى جۇمھۇرىيىمىز ۋەكىللىرىنى تولۇق تازىلاپ، ۋەتىنىمىزنى قايتىدىن خىتاي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتىنى يارىتىۋالدى. نەتىجىدە، خىتاينىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدە ئىقتىسادى بازىس ياكى ئۇستىقۇرۇلمىسىدا ھەرقانداق ئۆزگىرىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنىڭ مەڭگۈ خىتاي مۇستەملىكىسىدە قېلىشىنىڭ دەسلەپكى ھۇلى يارىتىلغان ئىدى.

ئەجەپلىنەرلىكى، بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ يارىتىلىشىدا بىزنىڭ ئاتالمىش « سولچى » داھىلىرىمىزنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل تۈردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا مايىللىق كۆرسىتىپ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتىگە قارشى تەشۋىقاتتا بولۇپ كېلىشىدۇر. « سولچى » ئەرباپلىرىمىز ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز يېتەكچىلىرىنى « سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ گۇماشتىسى، كوممۇنىزم غالچىسى » دەپ قارىلاشتا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز ھۆكۈمىتىگە گۇمان بىلەن قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەجىبا بۇ مۆتىۋەرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بىرتالمۇ قورالى ۋە بىرمۇ ئەسكىرى بولماي تۇرۇپ خىتايغا 10 يىل يالۋۇرۇپمۇ ئىشقا ئاشۇرالمىغان قورچاق « بىرلەشمە ھۆكۈمەت » ھوقۇقىنى بولسىمۇ قانچىلىغان قۇربانلىرىمىز بەدىلىگە ئالغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟ بۇ ئەرباپلار خەلقىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن جۇمھۇرىيىتىمىزنى، بۇ

جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ مىللىي قۇراللىق كۈچلىرىنى ئىزچىل رەت قىلىپ، خىتايلارنىڭ ھىمايىسىدە ۋەتەننى « پاراۋان » قىلىش خام خىيالىدا خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تەل ـ تۆكۈس مۇنقەرىزلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولدى. بۇ خىل كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار خام خىياللىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى بىر يولىنى تاللاپ ھەرىكەت باشلاشتى. ھەرىپ ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ كوممۇنىزىم بىلەن چىقىشالماسلىقىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى پاش قىلىش ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنى تەسىرلەندۈرۈپ، خىتايغا بېسىم قىلىپ، « ھەقىقى ئاپتونومىيە » ئالدۇرغۇزۇش ھەرىكىتىگە كىرىشتى. ئۇلار ئەمدى تېنىچ دېپلوماتىك چارىلەر بىلەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش پروگراممىسى بويىچە ھەرىكەت باشلاشتى. ئۇلار: « ۋەتىنىمىزنى ئا ق ش قۇتقۇزىدۇ، ب د ت قۇتقۇزىدۇ، تۈرك دۇنياسى قۇتقۇزىدۇ، ئىسلام دۇنياسى قۇتقۇزىدۇ، تەيۋەن وە دېموكراتىك خىتايلار قۇتقۇزىدۇ...» دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق چۆچەكلەرنى قوراشتۇرۇپ، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ۋەتىنىمىز خەلقىنى قايمۇقتۇرۇشتا ئەسەبلەرچە چىڭ تۇردى!

ئەكسىچە، ئۆزلىرىگە سوتسىيال چۈشەنچىلەرنى مەسلىك قىلىپ تاللىۋالغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ يېڭى يېتەكچىلىرىمۇ، بېتىمدىن كېيىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭنىڭ يېڭى تاكتىكىلىرىنى پىلانلاپ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قوغداش ئورنىغا، ئوخشىمىغان ئىدىيىدىكى مىللىي يېتەكچىلەرگە قارشى تەشۋىقات قىلىشنى ئۆزلىرىگە مۇھىم ۋەزىپە قىلىۋېلىپ، پۈتۈنلەي ئىچكى تالاش ـ تارتىشلار قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. بۇ خىل تالاش ـ تارتىشلارنى تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەتتا ئۇ كۈنلەردىكى نادان خەلقىمىز تەرىپىدىن ئېغىر جازا يېيىش بەدىلىگە بولسىمۇ ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئاقىۋەتتە ئەسلىدىنلا خاتا تاللانغان قورچاق « بىرلەشمە ھۆكۈمەت » تەركىۋىدىن ۋاستىلىق قوغلىنىپ غۇلجىغا كەتكەن بولسىمۇ، شەرقتە دۈشمەن قوراللىق كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى تاماشا قىلىپ، قىلچىمۇ ئەمەلىي تەدبىر قوللانماي، « ۋەزىيەت كۈتۈش » بىلەنلا چەكلەندى...

قىسقىسى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىز ئىچىدىكى يېتەكچىلىرىمىزنىڭ دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، بىر بىرىنى خائىن، جاسۇس، قىزىل پاچاق، مۇتەئەسسىپ، كوممۇنىزىمچى، خىتايپەرەس دېيىشىپ جىدەلگە بېرىلىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 50 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيىمىزنى بىر پايمۇ ئوق ئاتماي پۈتۈنلەي قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسىنى تۈزەپ ئىش باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا داغدام ئوچۇق ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ھۇلى تەييارلاندى!

( داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا، روسىيە، خىتاي ئۈچ بۇلۇڭى

تىمۇر كوچائوغلى

( تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەممەت )

DPA ئاگېنتلىقىنىڭ ئۆزبېكىستان تېلېۋىزىيە خەۋىرىگە تايىنىپ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2001 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئا ق ش بىلەن ئۆزبېكىستان دۆلەت مەسئۇللىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە تەپسىلاتى تېخى ئېنىق بولمىغان كېلىشىمگە بىنائەن، ئۆزبېكىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن ئامېرىكا ئەسكىرى بىرلىكلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ھاۋا بازىلىرىنى ئافغانىستان ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن مۇددەت پايدىلىنالايدىغانلىقى مەلۇم. دىمىسىمۇ بۇندىن خېلى بۇرۇنلا ئا ق ش پرىزدېنتى ۋە دۆلەت خادىملىرى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا خېلى ئۇزۇن مۇددەت قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن بىشارەت بەرگەنىدى. بۇ ھال ئاسىيانىڭ قەلبى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا بۈگۈنگىچە مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن ئەسكىرى تەڭپۇڭلۇقنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان.

11 ـ سىنتەبىردىن بۇرۇن، بەش مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيىتى ئورۇنلاشقان تۈركىستانىنىڭ غەربىي جەنۇپ بۆلگىسى بولغان تاجىكىستاندا رۇسىيە ئەسكىرى بىرلىكلىرى ۋە ئەسكىرى بازىسى مەۋجۇد ئىكەن. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا خىتاي ئەسكىرى ناھايىتى كۆپ مىقداردا يەرلەشتۈرۈلگەن ئىدى. ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش، تالىبان رېجىمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قارىتىلغان رادىكال دىنچى گورۇپپىلارنىڭ تەھدىتى يۈزىسىدىن، دەسلەپتە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، كېيىنچە ئۆزبېكىستان رۇسىيە ـ خىتاي ھىمايىسىدىكى « شاڭخەي بەشلىكى » گە كىرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ خەتەرلىك ئەھۋال بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان خىتاي بېسىمىنى ئارتتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دېكتاتور رېجىمى ئاستىدىكى دۆلەتلەرنى قىسقا مۇددەتتىن قارىغاندا روسىيەگە، ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئىتتىرەتتى. بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتا ياۋرۇپا بىرلىكىنىڭ قىبرىس ۋە ئېگە دېڭىز ساھەسى مەسىلىلىرى بىلەن ئاق دېڭىزدىكى كۈچ ساھەسىدە بۇلۇڭغا قىستالغان تۈركىيە ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ناچار ۋەزىيەت شەكىللەندۈرەتتى.

ئا ق ش نىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىلەردىن دەرس ئېلىپ، 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىنلا ئافغانىستان ۋە

ئورتا ئاسىياغا كىرىشى ھەم تۈرك دۇنياسى ئۈچۈن، ھەم تۈركىيە ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. مۇھىم بولغىنى: بۇ يېڭى تەرەققىيات سەۋەبىدىن ئۆزگۈرۈۋاتقان تەڭپۇڭلۇقتا قارىتا تۈركىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكىرى ۋە دىپلوماتىك ئېغىرلىقىنى قويالىشىدۇر. رۇس ۋە خىتاينىڭ ئەسكىرى ھەم سىياسىي بېسىمى ئاستىدىكى ئورتا ئاسىيادا مانا ئەمدى ئامېرىكا، روسىيە، خىتاي ئۈچ بۇلۇڭى شەكىللىنىۋاتىدۇ.

ئا ق ش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر دەۋرىدە سوۋېتلەر بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئەسكىرىي، سىياسىي ۋاستىلەردىن سىرت، «ھۆر ياۋروپا رادىيوسى» ۋە «ھۆرىيەت رادىيوسى» نى ئىشقا سېلىپ، سوۋېت ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى 26 مىللەتنىڭ تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشتەك تەشۋىقات ۋاستىسىنىمۇ تەڭ قوللانغان ئىدى. بېرلىن تېمىنىڭ يىقىلىشى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ موسكۋانىڭ كوممۇنىستىك رېجىمىدىن قۇتۇلۇشى ۋە سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشىدا رول ئوينىغان مۇھىم ۋاستىلارنىڭ بىرى دەل بۇ رادىيولار ئىدى. ئەمدى يەنە بىر رادىيو ئىستانسىسى پائالىيەتكە ئۆتتى. «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» دىن ئىبارەت بۇ رادىيو خىتايغا قارىتا ئاڭلىتىشلىرىدا خىتايچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە خەۋەرلەر بىلەن خىتاينىڭ دىكتاتور رېجىمىدە باشقۇرۇلىۋاتقان خەلقلەرگە ئەركىن خەۋەر ئېلىش ئىمكانى بېرىۋاتىدۇ. چېخ جۇمھۇرىيىتىدىكى «ھۆرىيەت رادىيوسى» چېچەنچە ۋە ئاۋارچە بىلىدىغان خادىم ئىزدەۋاتىدۇ.

دېمەك، ئا ق ش بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل بۆلگىلىرىگە ئاڭلىتىش بېرىپ خىتاينى بۇلۇڭغا قىستاۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېچەن ۋە ئاۋار تىلىدىكى ئاڭلىتىشلىرى بىلەن روسىيەنى كافكازىيىدە كاچاتلاۋاتىدۇ. «ھۆرىيەت رادىيوسى» ھازىر روسچە ۋە تاتارچە ئاڭلىتىشلىرىنى داۋام قىلماقتا.

11 ـ سىنتەبىردىن كېيىن ئا ق ش نىڭ ئافغانىستانغا دەرغال ھۇجۇم قىلىشى بىر ياقتىن جىددىي كۆچىيىۋاتقان روس ـ خىتاي تەسىر ساھەسىنىڭ بېلىنى پۈكۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئا ق ش غا قارشى روس ـ خىتاي تەسىر كۈچىنى ئارتتۇرۇشتا رول ئوينىغان بىر قانچە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە جىددىي سىگنال بېرىش ئۈچۈندۇر. بەلكى ئىشنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق تەرىپى، تۈركىيىگە قارىتا مەخپىي نىيەتلىرى بولغان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا ئا ق ش غا قارشى بولغان شاڭخەي بەشلىكىنى قوللىغانلىقىدۇر. بۇ ئويۇندا ئىراننىڭمۇ رولى بار. خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندىن بۇيان پاكىستان، ئىران ۋە ئافغانىستانلارغا قاتراپ يۈرگەن ئىدى.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىيىنىڭ مەنپەئەتلىرى بار. ئافغانىستاندا تالىبان رېجىمىنىڭ داۋام قىلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا شاڭخەي بىرلىكى ئاستىدا روس ـ خىتاي ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىنىشى بولسا ئاشكارە ھالدا تۈركىيىگە قارشى مەخپىي ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزايغان قۇيرىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا ق ش نىڭ ئەسكەر بىرلىكى بىلەن بۇ بۆلگىگە كىرىشى ھەر جەھەتتىن يېڭى تەڭپۇڭلۇقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا تۈركىيە بىپەرۋا تۇرماي، ئەسكىرىي ۋە دىپلوماتىك كۈچىنى قوللىنىپ، بۇ بۆلگىدە شەكىللىنىش ئېھتىمالى بولغان مەنپىي ۋەزىيەتكە قارىتا سەزگۈر بولۇشى، ۋاشىڭتوننى بىر قانچە جەھەتتىن ئويغۇتىشى ۋە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا تەييار تۇرۇشى كېرەك:

1 . ئاۋغانىستاندا قۇرۇلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەتتە ۋە سىياسىي ئۈستى قۇرۇلمىدا ئاۋغانىستاندىكى ئۆزبېك، تۈركمەن، ھازارلارنىڭ ھەققىنىڭ ئوغۇرلانماسلىقى، ھەر سەۋىيىدە ئۇلارغا باراۋەر ھەق - ھوقۇقلارنىڭ بېرىلىشىگە ( پاكىستاننىڭ پەشتۇم قېرىنداشلىرىغا يان بېسىپ، ئۇ يەردىكى تۈرك نەسلىدىن بولغان قېرىنداشلارنى چەتكە قېقىش غەيرىتىگە سۈكۈت قىلماسلىق) كاپالەتلىك قىلىشى، بۇ جەھەتتە ئامېرىكىلىق دوستلىرىغا مەسلىھەتچى بولۇشى كېرەك.

2 . شاڭخەي بىرلىكىدىن كېيىن ئا ق ش ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى بىر سىياسىي قۇرۇلما شەكىلگە يۈزلەنگەندە، تۈركىيە بەش قېرىنداش جۇمھۇرىيەتتىكى يىگانە شەخسكە تايانغان رېجىملەرنى ھىمايە قىلىشقا كۆنمەستىن، دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈش قولايلىقى بىلەن تەمىنلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. ئەنقەرە شۇنى ئۇنۇتمىسۇنكى، ئۇ يەردىكى قېرىنداش خەلقلەردە تۈركىيىگە قارىتا چەكسىز سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرى مەۋجۇد. لېكىن ھازىرقى دېكتاتورلار ھەرخىل پىتنە - پاساتلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركىيىگە قارىتا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. ھەم ئۆز خەلقىگە، ھەم تۈركىيىگە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتقان بۇ دېكتاتورلارنى قوللاش تۈركىيىنىڭ ئىشى بولماسلىقى كېرەك.

3 . خىتاي بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوقۇم پارچىلىنىدۇ. تۈركىيە تەييار تۇرۇشى، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەدبىر ئېلىشى ۋە خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلىدىغان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىغا دال بولغىدەك تەييارلىقنى دائىم زاپاس تۇتۇشى كېرەك.

قىسقىسى، سوۋېتلەر بىرلىكى پارچىلانغاندا تۈرك دۇنياسىنىڭ كۆلىمى قانچىلىك كېڭەيگەن، تۈركىيە بۇ تەرەققىياتتىن قانچىلىك مەمنۇنلۇق ھېس قىلغان بولسا، خىتاينىڭ پارچىلىنىشىمۇ تۈركىيە ۋە تۈرك دۇنياسىغا يېڭى ئۇپۇق ئاچىدۇ. موھىم بولغىنى تۈركىيىنىڭ تەييار ۋەزىيەتتە تۇرۇشىدىن ئىبارەت.

---

( بېشى 26 - بەتتە )

**يىللاردىن بېرى دېققەت - ئېتىبارىنى بېرىشكە باشلىغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىگە ۋە بىز قاخشاپ يۈرگەن، ئەمما بىرمۇنچە ئىمكانسىزلىق ئىچىدە بوشاشماي پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىزغا تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرمەسەك ئىنساپسىزلىق قىلغان بولىمىز.**

( ئامېرىكا . 2001 . 10 . 14 )

# پىكىر دۇردانىلىرى

## ئۆتكەن

( بۇ، ئۆتكەن ئەپەندىنىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدە سەپداشلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن يازغان ئەسەرلىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر. ژورنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا ئۆتكەن ئەپەندىنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنىڭ تولۇق تېكىستلىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇنۇشقا تىرىشىمىز.)

### پېنتاگون پاجىئەسىدىن تۇغۇلغان ئويلار

« بىر بەختسىز ئىككىنچى بىر بەختسىزنى بەختلىك قىلالمايدۇ» دېگەندەك، بۈگۈن بىزنىڭ ( ئۇيغۇرلارنىڭ ) باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ دەردى ئۈستىدىكى باش قاتۇرۇشلىرىمىز ھەم ھېسداشلىقلىرىمىز ھېچقايسىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايدۇ، تەسەللىمۇ بولالمايدۇ، بەلكى تېخى بەزىلىرىگە خورلۇق ھېس قىلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن، « مۇشۇ بىچارە مىللەتنىڭمۇ ھېسداشلىقىغا قالدۇقمۇ؟ » دەپ.

ئاسارەتتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، دوستلىرىمىزغا دوستانىلىقىمۇ يەتكۈزەلمەيمىز. شۇڭا 11 ـ سىنتەبىر پاجىئەسى ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئۆز دەردىمىزگە بىر داۋا، ئۆز مەسىلىمىزگە بىر چارە، ئۆز كۈرىشىمىز ئۈچۈن بىر دەرسلىك ئېلىشقا تىرىشساق تېخىمۇ ئاقىلانە، ئەمەلىي ئىش قىلغان بولىمىز، دەپ قارايمەن ھەم بۇنى ھېچبىر چەتئەللىك دوتلىرىمىزنىڭ شەخسىيەتچىلىك سانىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

11 ـ سىنتەبىر تېرورى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈنمۇ بىر زەربە. ئاددىيلا بىر مەنتىق بىلەن خۇلاسىلىغاندا بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىككى: بىرى، ئامېرىكا بۈگۈن خىتاينىڭ دۇنيادىكى بىردىن بىر كۈچلۈك رىقابەتچىسى. ئامېرىكىسىز تەسەۋۋۇر قىلىنغان دۇنيا خىتاينىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان دۇنيا دېمەكتۇر. ئامېرىكىلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خىتاي دۈشمىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن دەرت، دېمەكتۇر. ئىككىنچىسى، دۇنيانىڭ چوڭ سىياسىي پاجىئەلەرگە ئارقا ئارقىدىن سەھنە بولۇشى، ئۇيغۇر پاجىئەسىنىڭ دۇنيا جامائېتىنىڭ نەزىرىدىن يىراقلىشىشى، دېمەكتۇر.

بۈيۈك شەرق كىلاسسىكلىرىدىن مەۋلانى جالالىدىن رۇمى جەمئىيەتتىكى پاھىشە ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: « سەن بولمىساڭ مۇنچە شەھۋەت نەگە سىغاتتى، سەن بولمىساڭ ئەخلاقلىق ئاياللارنىڭ ئالىجاناپلىقى قانداق بىلىنەتتى، ئەي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان تائىپە! » . رۇمى يەنە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى تىلغا ئېلىپ : « سەن

يارالغان ئەمەس، يارىتقۇچسەن گويا » دېگەن.
بۇ يەردە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى رۇمنىڭ پىكرى ئەمەس، مېتودى، يەنى سەلبىي نەرسىلەردىنمۇ ئىجابىي نەتىجە چىقىرىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ مېتودتىن پايدىلانساق ( دوست ـ دۈشمەن پوزىتسىيىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەسىلىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلساق ) بىر ئوغرىدىنمۇ ئارتۇقچىلىق تاپالايمىز، مەسىلەن: پەم ـ پاراسەتنى، بىر بۇلاڭچىدىنمۇ ئۆگىنىدىغان نەرسىنى پەرق ئېتەلەيمىز، مەسىلەن: جاسارەتنى، بىر تېرورىستتىنمۇ ئۈلگە ئالىدىغان ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋالالايمىز، مەسىلەن: دەۋاسىغا بولغان ساداقەت ۋە غايىسى ئۈچۈن جان پىدالىقنى. بۇ ئۆگەنگەن ۋە كۆرگەنلىرىمىزنى بۇنداق جىنايى سورۇنلاردا ئەمەس، ھەقىقىي ئىنقىلاپ مەيدانىدا ئىشلىتەلىسەك، سەلبىي نەرسىدىن ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشكەن بولىمىز.

11 ـ سىنتەبىر پاجىئەسىنىڭ خاتىرىسى زېھنىمىزدە ئاسمانىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئىس ـ تۈتەك، چوكۈۋاتقان ئېگىز بىنا، ئېزىلىپ يانجىلىۋاتقان جان كۆرۈنۈشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، مىللەت سۈپىتىدە يەر شارىدا ياشاپ قېلىشىنىڭ ئەقلىي سالاھىيىتىنى كۆرسىتەلمىگەن بولىمىز. بىناغا ئۆرۈلىۋاتقان يالغۇز ئايروپىلان ۋە بېنزىن ئەمەس، روھ ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرەلىسەك، كۆككە ئۆرلەۋاتقان ئىس ـ تۈتەكلەردىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىنى تاپالىساق ئاندىن ئىلمىي بىر پىكىر يۈرگۈزگەن بولىمىز.

دۇنيانىڭ تۆتىنچى ئېگىز بىناسى، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ سىمۋولى بولغان نەق بىناسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان كۈچ نېمە؟

بۇ ئايروپىلان ياكى بېنزىن ئەمەس، بەلكى بىر قانچە تېرورىستنىڭ روھى ۋە ئېتىقادىدۇر. بۇ يەردىكى يېقىلىش روھنىڭ ماددا ئۈستىدىكى غالىبىيىتىدۇر. بۇ ـ دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قورال ئېتىقاد ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىسپاتى. دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن بىرى بولغان، يەر، سۇ، ھاۋا ھۇجۇمىدىنلا ئەمەس، تاشقى پلانت ھۇجۇمىدىنمۇ قاغدىنىش ھازىرلىقى بولغان پېنتاگوننى زەخمىگە ئۇچراتقان كۈچ نېمە؟ پەقەت ۋە پەقەت ئىرادە!

چېگرىدا پاسپورتنى، چىراي ـ شەكلىنى، يۈك ـ تاقىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، ئەمما روھنى تەكشۈرگىلى بولمايدۇ، بىر ئىنساننىڭ پۇت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئىرادىگە قۇلۇپ سالغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئادالەت. پەقەت ئىسسىق جېنى ۋە ئازراق ھۈنەر ـ تېخنىكىسىلا بولغان ( ئايروپىلان ھەيدىيەلىگۈدەك) بىر قانچە تېرورىستنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى ۋە ئەڭ مەغرۇر مىللىتىنى ۋەھىمىگە سالالىشىدەك بۇ رېئاللىقتىن چىقىرىدىغان مۇنداق بىر چوڭ دەرس بار: دۇنيادا مۇتلەق ئۈستۈن قۇۋۋەت يوق، مۇتلەق ئاجىزلىقمۇ مەۋجۇد ئەمەس ( ئىنسان گورۇھى ئۈچۈن)، ھەربىي كۈچ دۆلەت ۋە مىللەت بىخەتەرلىكىنىڭ بىردىن بىر قوغدىغۇچىسى ئەمەس، ئىلغار ھەربىي تېخنىكىدىن مەھرۇملۇق بىر مىللەتنىڭ يەر

شارىدىن يوقىلىشىنىڭ سەۋەپچىسىمۇ ئەمەس. مانا بۇ دەرسنى چىقارغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئەسلىدە چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا تەڭشەك يارىتىلغانلىقىنى بىلىمىز، تەقدىردىن شىكايەت قىلىش ھەققىمىزنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىمىز!

« بىز ئاجىز ئەمەس، چۈنكى ئىمان ساھىبىمىز، بىز كۈچلۈك، چۈنكى ھەقىقەت بىز تەرەپتە! » دېگەن باياناتلارنىڭ كىتابىي گەپ ياكى ھېسسىياتقا تايانغان نۇتۇق ئەمەسلىكىنى روھنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولغاندىن كېيىن بىلەلەيمىز.

تېرورىستلارنىڭ ئايرۇپىلاننى ئوگۇشلۇق ھەيدەپ، ئۆز نىشانى ۋە مەقسىدىگە يېتەلىگىنىگە قارىغاندا، ئۇلار ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئەقلىي جەھەتتىن نورمال دېمەكتۇر. ئەقلىي جەھەتتىن نورمال بىر ئىنسان قانداقچە ئايرۇپىلاندا يۈزلەرچە بىگۇناھ ئىنساننىڭ يىغا زارىغا ۋە يەنە 10 مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنساننىڭ كۆلگە ئايلىنىش پاجىئەسىگە پىسەنت قىلماي تۇرالايدۇ؟

مېنىڭچە سەۋەپ، ئۇلارنىڭ ھېساباتىدا ئۇلارنىڭ دەۋاسى مۇشۇنچىلىك بەدەلگە لايىق ۋە بەلكىم ئۇلارنىڭ ھساباتىدا بۇ ھەرىكەتتى 10 مىڭلارچە ئىنساننى ئۆلتۈرۈپ، 100 مىڭلارچە ئىنساننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈندۇر، ئۇلاردا مۇشۇنداق بىر ھېسابات بولمىسا ۋە بۇ ھېساباتنىڭ توغرىلىقىغا ئەقلىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇكەممەل بىر پىكىر سىستېمىسى ( پەلسەپىسى ) بولمىسا، مۇنداق راھەت ۋە ئازادىلىك بىلەن پىلاننى ئەمەللەشتۈرەلمەيدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ جېنىنى بۇ ئىشقا قۇربان قىلىۋەتمەيدۇ.

بۇ نۇقتىنى كۆزدىن قاچۇرمىغان ۋاقتىمىزدا « مىللىي مەغلۇبىيەتلىرىمىز ئاساسەن ئىدېئولوگىيىلىك مەغلۇبىيەتتۇر. ئاجىزلىقىمىز ماددىي كۈچ ئاجىزلىقى ئەمەس، ئىدېئولوگىك ئاجىزلىقتۇر » دېگەن زارلىنىشلارنىڭ ھەققانىيلىقىنى تونۇپ يېتىمىز ۋە مەپكۇرە بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆز ئالدىمىزدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى قىلىمىز.

خىتاي پەيلاسوپى لاۋزى بۇندىن 2700 يىل بۇرۇن « دۆلەت قانخورلاشقانسىرى خەلقمۇ ئۆكتەملىشىدۇ، دۆلەتتە قانۇن ـ تۈزۈم كۆپەيگەنسىرى خەلقتە ھىلە ـ نەيرەڭ ئارتىپ بارىدۇ » دېگەن. سىياسىي ساھە ئۈچۈن ئېيتىلغان بۇ قانۇنىيەتلەر بۈگۈن ھەربىي ساھەدە بەكرەك ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئىنسانىيەت نەيزە ـ قىلىچتىن ئىبارەت ئەركەكچە ئۇرۇش دەۋرىدە، بىگۇناھ ئىنسانلار ئۇرۇش زەربىسىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىدىن ئۇزاقتى. ھەربىي سانائەت مىلتىق، زەمبىرەك دەۋرىگە كىرىشى بىلەن بىگۇناھ خەلقمۇ جەڭدىن قەستەن ياكى قەستسىز نېسىۋىسىنى ئالىدىغان بولۇپ قالدى، ھەربىي كۈچ يادرو قوراللىرى دەۋرىگە كىرىشى بىلەن، ئۇرۇشتا ئانا ـ بالا ئايرىمىسى قىلىشمۇ مۇمكىنسىزلەشتى. شۇڭا، دۇنيا تېرورنى تەنقىدلەشتىن ئاۋال، تېرورنى پەيدا قىلغان سەۋەپلەرنى يوق قىلىشى كېرەك!

# سىياسىي مۇلاھىزىلەر

## شۆھرەت ھوشۇر

( ئاپتورنىڭ 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسىنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تېرورىزىم كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزۈش ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتىغا بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرى)

### ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تېرورىزىم بىلەن ئالاقىسى بارمۇ ؟

خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تېرورىزىم قاتارىغا ئېلىش تەلىپى، گەرچە ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تۈنجۇقتۇرۇش غايىسىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ، بۇگۈنكى خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى كۆرەشنىڭ توغرا يۆنۈلۈشتە داۋام قىلىشىغا نىسپەتەن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدۇر. مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تېرورىزىم كاتېگورىيىسىگە ئېلىنسا، بۇگۈن ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سابىق تېرورىستلار بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە مۇستەقىللىق كۆرىشىنى باشتىن كەچۈرگەن. خىتاينىڭ مەزكۇر باياناتى تېرورىست بىر گورۇپنىڭ (دۆلەتنىڭ) تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەت سېپىدىن يەر ئالالمايدىغانلىقىنىڭ روشەن پاكىتى.

ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەت ھەققىدىكى ئىزاھاتى ناھايىتى ئېنىق: « بۇ ــ دېموكراتىيە بىلەن زوراۋانلىق، مەدەنىيەت بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش». دېمەك، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى دۇنياغا مەشھۇر « 4 ـ ئىيۇل تيەنئەنمىن پاجىئەسى » نىڭ ئىجراچىسى بولغان بۇگۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەتنىڭ پىرىنسىپال نىشانىدۇر.

ئۇيغۇرلار 1944 ــ يىلى قۇرغان « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » دېموكراتىك بىر جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تېنچ ۋە مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى شەكىللەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ھولى سېلىنغان. بۇ زاماندا مەزكۇر جۇمھۇرىيەت ھېچقانداق بىر دىنىي ئۆكتىچى گورۇپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇ بەش يىل ئىچىدە مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيىنىڭ تەمىنى تېتىغان، ئىستىقبالىغا ئىشەنگەن.

بۇگۈنكى ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ھېسسىيات مەنبەسى بولسا، ئەنە شۇ مۇستەقىل ۋە دېموكراتىك ھاياتنى سېغىنىشتۇر.

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئاساسى خاراكتېرى مىللىيدۇر، دىنىي ئەمەستۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلىنىۋاتقانلىقى، باستۇرۇلىۋاتقانلىقى بولسا مۇستەملىكچىلىك زۇلمىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەلىپى پەقەت مۇستەقىللىق تەلىپىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ دىنىي رادىكالىزىم بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى دىنىي رادىكالىزىم خاتا يۆنىلىشتىكى قويۇق دىنىي مائارىپنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى يۈز يىلدىن بىرى، بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى تىكلەنگەن 50 يىلدىن بىرى مائارىپسىز ھالەتتە. مۇنداق بىر مائارىپ مۇھىتىدا دىنىي رادىكالىزىمنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىنسىز.

بۇگۈن چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ سانى 20 دىن كۆپ بولۇپ، ھېچ بىرىنىڭ پروگراممىسىدا قوراللىق ھەرىكەت ماددىسى يوق. بۇ تەشكىلاتلار يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە خىتايغا قارشى 200 قېتىمدىن ئارتۇق نامايىش ئۇيۇشتۇرغان، كونفىرانس ۋە ئاخپارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئاچقان بولسىمۇ، ھېچ بىرىدە بىرەر خىتاي ياكى باشقىلار زەربىگە ئۇچرىغان، جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلغان ئەھۋال يوق. ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ بۇ خىل ئىنتىزاملىق ۋە تەشكىللىك پائالىيەتلىرى ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتى. ۋەتەن ئىچىدە خەلق ئۆز دەۋاسىنى تىنچلىق شەكلىدە داۋام قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغىنى ئۈچۈن ( تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش، ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغاچ ) بەزى ئەھۋاللاردا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەتلەردە بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى مەۋجۇد ئەمەس.

ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىكى يېقىنقى چوڭ ۋەقەلەرگە قىسقا بىر نەزەر سېلىنسا، بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. 1981 يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان 50 مىڭ كىشىلىك قانلىق قىرغىنچىلىققا قارشى تىنچلىق نامايىشى شەپقەتسىز باستۇرۇش ۋە تۇتقۇن قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. 1985ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللىي ھەرىكىتى نامايىش شەكلى بىلەن داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ نامايىشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەتتە تۈرلۈك تەلەپتە، خىتاينىڭ ئۆز قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ نامايىشتىكى تەلەپلەرنىڭ رەددى ۋە نامايىشچىلارنىڭ ئېغىر جازالىنىشى، ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى تىنچلىق يولىدىن يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىزلەندۈردى. بۇ سەۋەپ بىلەن 1990 ـ يىلى بارىن ئىنقىلاۋى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلاپتا مۇستەقىلچىلەر بىگۇناھ خەلق بىلەن ئەمەس، زامانىۋىي قوراللانغان خىتاي ئارمىيىسى بىلەن 17 كۈن جەڭ قىلىپ، كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلىرى ( تولۇقسىز مەلۇماتتا 200 دىن ئارتۇق كىشى ) ھازىر ئۈرۈمچى « ليۇداۋان تۈرمىسى » دە ۋە « تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى» دا جازالىنىۋاتماقتا. 1992 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ

پارچىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋغانىستان، بوسنىيىنىڭ ئامېرىكا ھەم غەرپ ياردىمى بىلەن ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلۇشى ئۇيغۇر خەلقىگە يەنە بىر نۆۋەت ئۈمىد بېغىشلىدى. بۇ سەۋەپ بىلەن 1995 ـ يىلى خوتەندە ۋە 1997 ـ يىلى غۇلجىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشلار ئەركىن بىر تەشكىللىنىش مۇھىتىدا ئەمەس، بەلكى قوراللىق ئارمىيىنىڭ ئېغىر تەھدىتى ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان خەتەرگە ھاياتىنى ئاتىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشمۇ قانلىق باستۇرۇلدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق يەنە بىر قىسىم مۇستەقىلچىلەرنى قولغا قۇرال ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. 1998 ـ يىلى كېپەك يۈزىدە يۈز بەرگەن خامات قاتارلىق مۇستەقىلچىلەرنىڭ خىتاي قۇراللىق قىسىملىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرىشى ۋە يېقىندا ئاقسۇدا يۈز بەرگەن يەنە بىر گۇرۇپ جەڭچىلەرنىڭ كۇچار ساقچى ئىدارىسىغا قىلغان ھۇجۇمى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرىدۇر. بۇ ۋەقەلەر تەرتىبى شۇ نۇقتىنى كۆرسۇتۇپ بېرىدۇكى، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى چەتئەللەردە تامامەن تېنچلىق يولى بىلەن، ۋەتەن ئىچىدە بولسا تېنچلىق ئاساس، قوراللىق قىسمەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بولارنىڭ ھېچ بىرىدە بىگۇناھ خەلق زەربە نىشانى بولمىدى.

يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە پەقەت ئىككى قېتىملا يۈز بەرگەن، ئۇن نەچچە بىگۇناھ ئىنسانىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولغان ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ياكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ زىممىسىدە ئەمەس. بۇ ھەرىكەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئەيىپلەنگەن، ئۇيغۇر جامائەت پىكرىنىڭمۇ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان. بۇ قانلىق ۋەقەلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە 300 ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىدىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « بىزمۇ تېرورىزىمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلار » دىگىنى تۆھمەت. ئەمما ئۆز دۆلىتىدىكى جەمئىيەت مۇقۇملىقىنىڭ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن قىلغان شىكايىتى ھەقلىق. خىتاينىڭ « شاڭخەي بەشلىكى » بىلەن يىغىشتۇرۇپ بولالمىغان ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئەمدى ئامېرىكا ـ ياۋرۇپا ھىمايىسى بىلەن يىغىشتۇرۇش پىلانى بولسا خام خىيالدۇر. بۈگۈن خىتاي ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى ــ تۈرمىلەردىكى مىڭلارچە ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسىنى قويۇپ بېرىش، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان 300 دىن ئارتۇق سىياسىي تۇتقۇننىڭ ئائىلىسىگە تۆلەم تۆلەش، ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا ئاشكارە ئەپۇ سوراش. مەزكۇر تەھدىتتىن ئەبەدىي قۇتۇلۇشنىڭ يولى بولسا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىكىدىن تامامەن ۋاز كېچىشتۇر!

( ئامېرىكا. 2001 . 10 . 13 )

## خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتى ھەققىدە ئويلىنىش

دۇنيادا يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن زور ۋەقەلەر ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر نورمال ھاياتتا كۆمۈلۈپ قالغان ھەقىقەتلەرنى ئىتتىرىپ تارتىپ چىقىدۇ، كۆز يۇمۇۋېلىنغان رېئاللىقلارنى كۆز يۇمۇۋالغۇچىنىڭ كۆزىگە تىقىدۇ، بەزىدە گاچىلارنىمۇ زۇۋانغا كەلتۈرىۋېتىدۇ.

11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى ۋە بۇنىڭ بىلەن باشلانغان خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەت، بۇ ھەرىكەت بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىپ كېتىش ئەندىشىسى بىلەن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدىلىكتە بۇ دەۋانىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىۋاتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇنىڭ كۈچلۈك بىر دەۋا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، دۆلەت نامىدىن دۇنيادىن ياردەم سوراۋاتىدۇ: « بىزمۇ تېرورىزىمنىڭ مەزلۇملىرى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى باستۇرىشىمىزغا دۇنيا ياردەم بېرىشى كېرەك! » .

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسىنىڭ مەزكۇر ئېتىراپلىرىنى ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋاسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر نەتىجە، دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، مەزكۇر بايانات دەۋايىمىزنىڭ غايىسىدىن تولۇمۇ ئۇزاق، ئەمما بۈگۈنگە قەدەركى نەتىجىلىرىمىزگە نىسپەتەن سەكرەش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش. ئالدىنقى يىلدىكى كېلىنتون ـ جاڭزېمىن سۆھبىتىگە ئوخشاش، چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تىلغىمۇ ئېلىنمىغانلىقى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە. « شاڭخەي بەشلىكى » ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش غەرىزىدە قۇرۇلغان تۇرۇغلۇق ( خىتاي مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن )، بۇ بەشلىك باياناتلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ھېچ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى پەقەت يەڭ ئىچى سودا ۋە پەردە ئارقىسى سۆزلەشمىلىرىدە يوشۇرۇلۇپ قالغانلىقى يەنى بىر رېئاللىق. خىتاي تەرىپىدىن تىلغا ئېلىشقا مەجبۇر بولغان چاغلاردىمۇ « تىبەت، تەيۋەن، شىنجاڭ » دېيىلىپ ئارقا تەرتىپتە كېلىشى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خىتاينىڭ ھەقىقىي چوڭ ئەندىشىسىگە يوشۇرۇلىشى بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىمىزگىلا ۋە دەۋايىمىزنى يېقىندىن كۈزىتىۋاتقان ساناقلىق كىشىلەرگىلا مەلۇم بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى بۇ رېئاللىق پۈتۈن دۇنياغا ئايان، ئەگەر دۇنيا بۇ باياناتنى ئۇنتۇلۇپ قالمىسا ۋەياكى بىز ئۇنتۇلدۇرۇپ قويمىساق.

بۈگۈنگە قەدەر ئېچىلغان خەلقئارالىق يىغىنلاردا، ب د ت نىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان ئىنسان ھەقلىرى يىغىنلىرىدىكىگە ئوخشاش تەشكىلاتلىرىمىز ئۆز پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلدۇرالمىغان شارائىتتا « نامىمىز تىلغا ئېلىندى » دەپ تەسەللى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى مەزكۇر باياناتتا ئىپادىلەنگەن نەتىجىمىزنىڭ

بۈيۈكلىكىگە يەنە بىر پاكىت. ئەمدى بۇ نەتىجىنى يەنىمۇ بېيىتىش، ھېچ بولمىغاندا ساقلاپ قېلىش كۆز ئالدىمىزدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ھەرىكەت نىشانى بولىشى كېرەك.

ئەمدى ئويلۇشىلىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا: خىتاي بۇ باياناتنى نىمە مەقسەتتە ئېلان قىلدى، مەسلىسىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئەقلىمىزگە كېلىدىغان ئاسان جاۋاپ: خىتاينىڭ مەقسىتى بىزنى تېررورىستلار سېپىگە قېتىش، دۇنياغا يامان كۆرسىتىش ۋە شەپقەتسىز جازانى داۋام قىلىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش». ئۇنداقتا « خىتاي بىزنى دۇنياغا يامان كۆرسەتمەي تۇرۇپمۇ بىر تەرەپ قىلالمايتىمۇ؟ » سوئالىغا مەزكۇر جاۋاپ يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. بەزى سىياسىي مۇلاھىزىچىلەر خىتاينىڭ مەزكۇر باياناتىدا ئۆزىگە يۆنەلگەن تېرور تەھدىتىنى كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. بۇ پىكىر بەلكىم ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە قۇراللىق ھەرىكەت قېتىم سانىنىڭ ئانچە كۆپ بولمايۋاتقانلىقى، دەۋا قوشۇنىمىزنىڭ بەزەن ئاجىزلىقلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر مۇلاھىزىچىنىڭ پىكرىدە ئۇيغۇرلاردا سوپىزىمنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، بۇ خىل ئىدېئولوگىيە مۇھىتىدا رادىكال بىر قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنسىز. مەن بۇ مۇلاھىزىچىلەرنىڭ مەيلى بىزنى تېنچلىقپەرۋەر دەپ بىلىش ياكى شۇنداق سۆپەتلەش ۋەياكى كۈچىمىزنى ئاجىز مۆلچەرلەش يولى بىلەن بولسۇن، خىتاينىڭ مەزكۇر باياناتنى « كۆپتۈرمە » دېيىشنى يەنىلا يۈزەكى بىر ھۆكۈم، دەپ قارايمەن. ئالدى بىلەن، خىتاينىڭ مەزكۇر ئېتىراپنى تىلغا ئېلىش - ئالماسلىق مەسلىسى ئۈستىدە ئۆز ئىچىدە جىددىي بىر تالاش - تارتىش قىلىشقىنىنى ھەم بۇ باياناتنى ناھايىتى زور تەرەددۇت ئىچىدە ئېلان قىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىش ئانچە قېيىن ئەمەس. مېنىڭچە خىتاينى مەزكۇر ئېتىراپقا زورلىغان ئاساسلىق سەۋەپ مۇنداق ئۈچ:

1 . « 11 ــ سىنتەبىر ۋەقەسى » دىن ئالغان دەرس.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش جەريانىدا قوللانغان « رەھىمسىزلەرچە بىر تەرەپ قىلىش »، « تومۇر مۇش بىلەن زەربە بېرىش »، « باش كۆتۈرگۈزمەسلىك » شۇئارلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ھەربىي قۇۋۋىتىگە نەقەدەر ئىشىنىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى پەقەتلا چارىسىز، يەنى ئىشلىنىۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ جازاسىنى بىرەلىشى مۇمكىنسىز، دەپ قارىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. 11 ــ سىنتەبىر ۋەقەسى خىتايغا ھەربىي قۇۋۋەتنىڭمۇ كارغا كەلمەي قالىدىغان پۇرسەتلىرى بارلىقىنى، روھ ئەسەبىيلەشكەن چاغدا ھەرقانداق ماددىي قۇۋۋەت ۋە زامانىۋىي تېخنىكىنى بىت - چىت قىلالايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىلىنگىنىدەك، روھ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئەسەبىيلىشىدۇ: بىرى، ئىنسان سىستېمىلىق بىر ئىدېئولوگىيە يېتەكلەش ئارقىلىق، بۈيۈك بىر غايىگە ئىنتىلدۈرۈلگەندە، يەنە بىرى، جان ئىنسان ئۈچۈن يۈك بولغاندا، يەنى ئىنسان جېنىدىن تويغان چاغدا. بۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقان خىتاي، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ

چارىسىز ئەمەسلىكىنى، قىلالايدىغان بىر ئىشلىرى بارلىقىنى، يەنى سانى ئاز بولغان ئەشۇ ئۇيغۇر مىللىتانىلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن ساۋاق ئېلىش ئارقىلىق بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ ئەڭ ئادالەتلىك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلغان بۇ لەنىتى تېرورۇر دۇنيا دىكتاتورلىرىغا بىر دەرس بەرگەندەك تۇرىدۇ. ( بەلكىم بۇ، ئاتا سۆزىمىز «ھەر يامانلىقنىڭ ئارقىدا بىر ياخشىلىق بار» ماقالىنىڭ ھېكمىتى بولسا كېرەك.) بۇ تەخمىنگە فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسى شەندىگلىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئاساس بولالايدۇ: «بىزمۇ تېرورىزىمنىڭ قۇربانلىق نامزاتلىرى». بۇ ئېيادىگە مېنىڭچە مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇن يوشۇرۇنغان: بىرى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلماندۇر، ئاخىرەت ئېگى كۈچلۈك، ئۇلار ۋاقتى كەلسە بىزنىڭ زامانىۋىي قورالىمىزغا جەڭ ئېلان قىلالايدۇ. يەنە بىرى، بىز ئۇيغۇرلارغا كۆپ زۇلۇم سالدۇق، تىخى يېقىنقى تۆت يىلدىن بېرى 300 دىن ئارتۇق مۇستەقىلچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بەردۇق، ئۇلاردا مىللىي نەپرەت بىلەن جېنىدىن تويۇپ تۇرغان ئىنسانلار بار، بىزدىن ھېساب ئالماي قالمايدۇ.

2 . ئامېرىكىنىڭ قۇدرەت ۋە ئادالەت تەھدىتى.

ئامېرىكىنىڭ 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەتتىكى تەمكىن ۋە پۇختا قەدەملىرى، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ئۆز يېنىغا ئالالىشى، بولۇپمۇ بېشى دەرتلىك بولغان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدىكى ھەققانىي پوزىتسىيىسىنى تەكرارلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي ئاسىيا سىياسىي تەكۈپۈكلقىغا ئۆز ئېغىرلىقىنى قويۇشى ( بۇنىڭ بىلەن شاڭخەي بەشلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يوقىتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى ) خىتاينى ئەندىشىگە سالغان ـــ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى بۇرۇنقىدەك خالىغانچە باستۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى تەخمىن قىلغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، دۇنيا ساقچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىغا يېقىنلىشىشى خىتاينىڭ مەزكۇر باياناتىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى.

3 . ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخى.

خىتاينىڭ يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرىقى قانلىق باستۇرۇشلىرى، ئىدېئولوگىيىلىك قايمۇقتۇرۇشلىرى ۋە يېقىنقى ئۆلۈم جازالىرى نەتىجىسىدىمۇ بۇ دەۋانىڭ يەنىلا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى قوغداپ داۋام قىلىشى، ئەۋلاد ئالمىشىش بىلەن بۇ ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىشىشى، خىتاينى ئاز ـ تولا چارچاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى بىلەن چايقالغان سىياسەت دۇنياسى، سىلكىنگەن سىياسىي كۈچ تەكۈپۈكلۈقى بىزنىڭ ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، دەۋايىمىزنى خەلقئارالىشىش باسقۇچىغا ئاپىرىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. بىز دەۋايىمىزنىڭ بۇ ئىلگىرى قەدىمىنى تەبرىكلەۋاتقان چېغىمىزدا، مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزگە جان ۋە قان بەدىلى تۆلىگەن شېھىدلىرىمىزغا، تۈرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلىرىمىزغا، دەۋايىمىزغا ( ئاخىرى 17 ـ بەتتە)

# تېرورىزىم ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە ۋەزىيىتى

بۇ دۇنيا سەۋەپ ـ نەتىجىلىك دۇنيا، ھاياتتىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلگەن، كۆرۈلمىگەن، كۆرۈندۈرۈلمىگەن بىر ياكى كۆپلىگەن سەۋەپلىرى بولىدۇ. بۇ سەۋەپلەر ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلغاندىلا مەسىلىلەرگە توھرا باھا بەرگىلى ۋە توھرا ھەل قىلىش چارىسىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. جۇباڭجاۋنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قوراللىق ھەرىكەتلەر ھەققىدە 15 ـ نويابىردا بەرگەن دوكلاتى سەۋەپ ـ نەتىجە قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن ھەم تېرورىزىمنىڭ دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنسا، بۇ ھەرىكەتلەرنى تېرورىستىك ھەرىكەتلەر كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ.

ئالدى بىلەن مەزكۇر دوكلاتتىن دۇنياغا ئاشكارىلانغان ئىجابىي نۇقتىلارنى كۆرسۈتۈپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ دوكلات شەرقىي تۈركىستاندا ئۈزلۈكسىز ۋە جىددىي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمەلىي بىر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ۋاڭلىچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلارنىڭ « شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر تېنچ ـ ئىتتىپاق » دىگەنلىرىنىڭ ساقتىپەزلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان تەشكىلاتلارنىڭ ناملىرى بىر تەرەپتىن، مىللىتىمىزنىڭ خىتايلاردىن تۈپتىن پەرقلىق مىللىي خاراكتېرىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى، شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى، شەرقىي تۈركىستان ئادالەت پارتىيىسى قاتارلىق ناملار) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافغانىستاندىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى (بۇ تەشكىلاتلارنىڭ فوندېمىنتال چۈشەنچىلەردىن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى) مەلۇم يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ دوكلات شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر قانچە ئون يىللىق ئاسارەت ھاياتىدىمۇ، شۇنچە ئېغىر تەھدىتلەر ئاستىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەشكىللەش ۋە تەشكىللىنىش ئىقتىدارى ھەم جاسارىتىنى يوقاتمىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

سوسسىيولوگىيە ئىلمى بىر مىللەتنىڭ دۆلەت مۇئەسسەلىرىنىڭ يىقىلغانلىقىنى بۇ مىللەت دۆلىتىنىڭ يەر يۈزىدىن تامامەن يوقۇلۇشى، دەپ قارىمايدۇ. پەقەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يوقۇلۇشىنىلا ئۇنىڭ ۋە دۆلىتىنىڭ تارىختىكى دۆلەت ۋە مىللەتكە ئايلانغانلىقىنىڭ بىشارىتى، دەپ قارايدۇ. يەنى سوسسىيولوگلارنىڭ نەزىرىدە مىللىي مەدەنىيەت مىللىي دۆلەتنىڭ جەۋھىرى، مىللەتنىڭ تەشكىللىنىش ئىقتىدارى بولسا بۇ مىللەتنىڭ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش تېخنىكىسى دىمەكتۇر. بۇ دوكلات ئۇيغۇرلاردا ئۆز مىللىي دۆلىتىنى قايتا تىكلىشى

ئۈچۈن زورۇر بولغان يۇقارقى ئىككى شەرتنى ھازىرلىغانلىقىنى دەۋايىمىزنى يېقىندىن كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندى، دەپ قارايمەن. ئەمما دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان ھەرىكەتلەر بولسا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىر قىسمىغا دەۋايىمىزنى يېقىمسىز ۋە قورقۇنۇچلۇق كۆرسەتكەن بولىشى مۇمكىن، مانا بۇ مەسىلىنىڭ جىددىي تەرىپى.

بۈگۈن سىياسەت دۇنياسىدا تەبىرى ئەڭ ئېنىقسىز بولۇۋاتقان بىر ئۇقۇم « تېرورىزىم » دۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: غايىسى توغرا بولمىغان، يەنى تېنچلىققا، ئادالەتكە ۋە تەرەققىياتقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى تېرورىزىمدۇر. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتكە تېنچلىق ( مەۋجۇدلۇق ) ئېلىپ كىلىش ھەرىكىتى بولغىنى ئۈچۈن تېرورلۇق ئەمەس. غايىسى توغرا بولۇپ، بۇ غايىگە تېنچلىق يولى بىلەن يېتىش ئىمكانىيىتى بولغان جايلاردا، يەنى دېموكراتىك دۆلەتلەردە قوراللىق كۆرەش يولىنى تاللىغان ھەرقانداق ھەرىكەت تېرورىزىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

مۇستەملىكىچىلىك دېكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ ئۆز دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئىجرا قىلىنىشى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى قوراللىق ھەرىكىتى بۇ ئۆلچەم بويىچىمۇ تېرورلۇق سانالمايدۇ. قوراللىق ھەرىكەت ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ تاللىۋالغان يولى ئەمەس، مەجبۇرلانغان يولىدۇر. تېرورىزىمغا بېرىلگەن تەبىرلەر ئىچىدىكى نازۇك ۋە ئورتاق بىر نۇقتا خەلققە قارشى ھۇجۇمنىڭ ئەپۇ قىلىنمايدىغانلىقىدۇر. ئۇنداقتا خەلق دېگەن نېمە؟ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى قەيەردىن قەيەرگىچە؟ بۇ ھېچ بىر تەبىردە ئوچۇق ئىزاھلانمايۋاتقان بىر مەسىلە. ئەگەر، خەلق ــ دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغان بارلىق قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ناھايىتى كەڭرى بىر قاتلام چېگرىسى كۆرسىتىلسىمۇ، مەزكۇر دوكلاتتىكى ۋەقەلەر يەنىلا تېرورلۇق ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بولمىغان بىرخىل « خەلق » تەبىقىسى مەۋجۇدكى، بۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىنى پۈتۈنلەي قورشاپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ــ بىڭتۇەندۇر. بۇ تەبىقە نامىدىن ۋە « ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەم دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداش » تىن ئىبارەت ۋەزىپىسىدىن مەلۇمكى، بۇلار فورما كەيمىگەن ئەسكەرلەردۇر.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاھالىسىنىڭ سان جەھەتتىن ئاز بولغان بىر قىسمى ( قولۇمدا ئېنىق ستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوق ) ھەم ئەسكەر ھەم خەلقتۇر. بۇ تەبىقە يالغۇز ئەسكىرىي بازىدا ئەمەس، شەھەر، يېزا، بازارلاردا، كوچىلاردا، ئاپتۇۋۇزلاردا، ئىش يەرلىرىدە پائالىيەت ھالىتىدىدۇر. خىتاي دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاھالىسىنى فورما كەيدۈرمەي قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق، بۇ رايۇندا خەلق بىلەن ئەسكەر پەرقىنى يوقىتىۋەتكەن. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ خاتالىقى ئەمەس. شۇڭا شەرقىي

تۈركىستاندا خىتاي خەلقىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھۇجۇملارنى تېرورىزىم دېيىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆلگۈچىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي كۆزدىن كۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر خەلق قاتلىمىنىڭ چېگرىسى، كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئاساسەن دۆلەتتە ھاكىمىيەتكە ئىشتىراك قىلمىغان ياكى بىۋاستە ئىشتىراك قىلمىغان تەبىقە، دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا ھاكىمىيەتكە ئىشتىراك قىلغان ( سىياسەتنى ئىجرا قىلىۋاتقان ) تەبىقىنى، يەنى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت ـ كارخانا ئىشچى خىزمەتچىلىرىنى خەلق قاتلىمىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا، مەزكۇر دوكلاتتىكى ھەرىكەتلەر تېرورىست قالپىقىدىن تېخىمۇ ئۇزاقتا تۇرىدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان تەبىقىنىڭ 95% ئى خىتاي ئاھالىسىدىن بولۇپ، بۇ رايۇندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئەسكەر ( فورمىلىق ۋە فورمىسىز ) ھەم ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا دوكلاتتا دېيىلگەن ھەرىكەتلەردە ئۆلگەنلەر ئىچىدىن خەلق تەبىقىسىگە ئائىت ئەزا تېپىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. ئەگەر خەلق تەبىقىسىنىڭ چېگرىسىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ھېچقانداق شەكىلدە ئىشتىراك قىلمىغان ( يەنى زۇلۇمغا ۋاستە بولمىغان ) قاتلام بىلەن چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاھالىسىنىڭ ھېچ بىرىنى خەلق تەبىقىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاھالىسى خىتاي مۇستەملىكىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ تۇرىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستە بولۇش بىلەن بىرگە، مۇستەملىكە ئارقىلىق قازىنىلغان ئۆلجىنىڭ ئاساسلىق شېرىكلىرىدۇر، يەنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىنغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھەقلەردىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقان تەبىقىدۇر. بۇ ئەھۋالدا ھەم شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ئاھالىسىگە قارشى ھەرقانداق يەر، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق قوراللىق ھەرىكەت تېرورىزىم سانالمايدۇ.

تېرورىزىمنىڭ يۇقارقى ئۆلچەملىرى نەزەردە تۇتۇلسا، ئەسلى تېرورىست شۈبھىسىز خىتاي دۆلىتى بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى غايىسى مۇستەملىكىچىلىكنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش بولۇپ، مۇستەملىكىچىلىك تارىختىن بېرى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ۋە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىۋاتقان تىنچسىزلىقلارنىڭ مەنبەسى. خىتاي دۆلىتى باستۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا قورالسىز، ھوقۇقسىز، ھىمايىچىسىز تەبىقە بولۇپ، مانا بۇ بىگۇناھ خەلققە يۈرگۈزىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۆلۈم جازالىرى دۇنيادا مىسالى تېپىلمايدىغان ۋەھشى تېرورلۇق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئالاھىدە ۋەزىيىتى دۇنياغا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگىنىدە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خىتاينىڭ « شەرقىي تۈركىستان تېرورىستلىرى » ئەيىپلىمىسىگە ئالدىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تەبىئىكى، بۇ بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى جىددىي ۋە ئەتراپلىق سىياسىي ئەمگەكنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ نۇقتا بىلىنىشى

كېرەككى، قورالىلىق بىر كۈرەشنىڭ تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىش، چول ـ جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتۈش جەريانى بولغىنىدەك، سىياسىي كۈرەشنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مۇشەققەتلىك داۋانلىرى بولىدۇ. خىتاينىڭ بۈگۈنكى تېرورىست ئەيىپلىمىسى شەرقىي تۈركىستان سىياسىي پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر داۋاندۇر. بۇ داۋاندىن سېھىرۋازلىق بىلەن ( يالغان گەپ، كۆز بويامچىلىق بىلەن ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنى خىتاي بىخەتەرلىك كۈچلىرى سۈنئىي پەيدا قىلغان، دېگەندەك ئاددىي، ئۇتامسىز سەۋەپلەر بىلەن ) ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ داۋاندىن پەقەت پاراسەت، جاسارەت، ماھارەت ۋە سەۋرى ـ تاقەتكە تايىنىپ تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئالاھىدە ۋەزىيىتىنى ( يۇقىرىدا دېيىلگەنلەردىن باشقا، 300 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگىنىگە ئوخشاش مىڭلارچە پاكىتنى ) ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىشى مۇمكىن. بۇ يەردە « بولۇشى مۇمكىن » دېدىم، چۈنكى بولماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇ داۋاندىن ئاشالمىغان تەقدىردىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ داۋان تەبئىي بىر داۋان ئەمەس، خىتاي خەلقئارادا پەيدا بولغان تېرورىزىمغا قارشى شامالدىن پايدىلىنىپ ياساپ چىققان سۈنئىي داۋاندۇر. سۈنئىي داۋانلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھامان چۆكىدۇ. ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇتۇش ھەققىدە پەرمان چىقىرىشى ۋە ئوغرىنى تۇتۇش سەپىرىگە ئاتلىنىشى ئاشكارىلانمايدىغان رەزىللىك ئەمەس!

( ئامېرىكا. 2001 . 11 . 17 )

( بېشى 32 ـ بەتتە )

تېپىش ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپكە ئۆزىنىڭ يەنىلا چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى پەش قىلىپ خەلقئارا سەھنىدە تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىدىدۇر.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خىتاي ئىقتىسادى تېز تەرەققى قىلىپ، ھەربىي كۈچى زورىيىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپ يەم قىلىدىغان ئاجىز نۇقتا ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيا تىنچلىقى ۋە خوشنا دۆلەتلەرگە بولغان تەھدىتىنى سەزگەن ئامېرىكا بولسا ھىندىستان، ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خىتاينى قىسماققا ئېلىشنى كۆزلىدى. 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىن ئامېرىكا بۇ ستراتېگىيىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي بوشلۇقنى تولدۇردى. قارىماققا خىتاي ئىقتىسادىي ئۈستۈنلىكى بىلەن بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولسىمۇ، ئۆزىنى خىتايدىن ھامان ئۈستۈن ئورۇندا كۆرىدىغان روسىيە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى خىتايغا بەرمەيتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دېموكراتىك روسىيە بىلەن كوممۇنىستىك خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق داۋام قىلالمايتى ۋە غەرپنىڭ بېرىدىغان مەنپەئەتى خىتاينىڭكىدىن ئېشىپلا كەتسە روسىيەنىڭ غەرپكە ئېغىپ، بۇ سۈنئىي ئىتتىپاققا خاتىمە بېرىپ قويۇشى تەبئىي ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بولسا نەسىل ۋە دىن جەھەتتىن خىتايغىمۇ، روسىيىگىمۇ يات. ئۇلارنىڭ ئەسلىنى تونۇش ھېسسىياتى، ئېتىقادى، مىللەتچىلىك ئېڭى كۈنسىرى كۈچىيىپ، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئېقىمى ۋە دۇنيا تۈركلىرى ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش غايىسى شەكىللەنمەكتە. مانا بۇ شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ گۆرىنى قازىدىغان يەنە بىر يوشۇرۇن كۈچ ئىدى. مۇھىمى ئامېرىكىنىڭ ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستانىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ مەركىزى ئاسىياغا كىرىشى بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەھشەر كۈنىدىن بىشارەت بەردى. ئىنشائاللاھ، شاڭخەي ئىتتىپاقى ۋە خىتاينىڭ شۇم نىيىتى ئۇزۇنغا قالماي دەپنە قىلىنغۇسى!

# « شاڭخەي ئىتتىپاقى » نىڭ كېڭىيىشى ۋە ماھىيىتى

ئۆمەرجان ئىمىن

«شاڭخەي ئىتتىپاقى» ـ 1996 - يىلى 26 - ئاپرېل خىتاي، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستانلارنىڭ «ئورتاق چېگرا قوغداش ئىتتىپاقى» نامىدا شاڭخەيدە قۇرغان بەش دۆلەت ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر يىلى بىر قېتىم باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي كېلىشىملەر تۈزۈپ، بايانات ئېلان قىلىۋاتىدۇ. 96 - يىلى شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى جاكالىنىپ، «چېگرا رايونىدا ئۆزئارا ھەربىي ئىشەنچنى كۈچەيتىش» كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1997 - يىلى 24 - ئاپرېل بۇ بەش دۆلەت باشلىقلىرى موسكۋادا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشنى ئۆتكۈزۈپ، «چېگرا رايونىدا ھەربىي كۈچ قىسقارتىش» كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ھەرقايسى تەرەپ چېگرىدىكى ئەسكەر كۈچىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىش، چېگرا بويلىرىدا زور كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارماسلىق، چېگرا سىزىقلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. 1998 - يىلى 3 - ئىيۇل بەش دۆلەت باشلىقلىرى يەنە ئالماتادا 3 - قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ «ئالمۇتا باياناتى» نى ئېلان قىلدى. 1999 - يىلى 2 - ئاۋغۇست تۆتىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشنى بىشكەك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈپ، «بىشكەك باياناتى» نى ئېلان قىلدى. 2000 - يىلى 5 - ئىيۇل دۈشەنبە شەھىرىدە 5 - قېتىم ئۇچرىشىپ «دۈشەنبە باياناتى» نى ئېلان قىلدى. «ئالماتا باياناتى» ، «بىشكەك باياناتى»، «دۈشەنبە باياناتى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، «چېگرا رايونىدا ئۆزئارا ئىشەنچ كېلىشىمى»، «ھەربىي كۈچ قىسقارتىش كېلىشىمى» نى قەتئىي ئىجرا قىلغان ئاساستا رايون بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ھەم ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىر بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىخەتەرلىكى، جەمئىيەت تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئاشىرچىلىق، تېرورىزمغا ئورتاق قارشى تۇرۇش، ئىنسان ھوقۇقىنى باھانە قىلىپ بىر بىرىنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق، رايون ھەمكارلىقىنى ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ساھەسىگە كېڭەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

2001 - يىلى 15 - ئىيۇن يۇقىرىقى بەش دۆلەتكە ئۆزبېكىستاننىڭ قوشۇلۇشى ۋە پاكىستاننىڭ ئەزالىق ئىلتىماسى قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەيدە 6 - قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلۈپ، «شاڭخەي ئىتتىپاقى» نىڭ نامى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇنىڭ باياناتى ئېلان قىلىندى. بۇ باياناتتا يۇقىرىقى كېلىشىملەرنىڭ مەزمۇنى تەكىتلەنگەندىن باشقا يېڭى خەلقئارا سىياسىي تەرتىپ بەرپا قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تېرورىزم، ئاشىر دىنچىلىققا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىشىش، بىشكەكتە «تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش مەركىزى» قۇرۇپ چىقىش، قانۇنسىز قورال ئېلىپ سېتىش، چېگرىدىن قېچىش، زەھەرلىك بۇيۇملار ۋە باشقا جىنايى قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇشتا كۆپ تەرەپلىمە

ھەمكارلىق ئورنۇتۇش، رايون ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، يەر شارنىڭ ستراتېگىيىلىك تەكپۇڭلۇقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش، ئەزا دۆلەتلەر مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «ئەزا دۆلەتلەر مەسلىھەتلىشىش كومىتېتى» قۇرۇش، ھەرقايسى دۆلەتلەر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىش كومىتېتىنىڭ نىزامنامىسى ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بېرىش، مەزكۇر بايانات ۋە ئىلگىرىكى كېلىشىملەر ئاساسىدا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىش، ھەمكارلىشىشنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى، يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشنىڭ پرىنسىپى، تەرتىۋى ھەمدە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىششتا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، 2002 يىلىدىكى باشلىقلار يىغىنىدا قارار قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر يەر ئالدى.

بۇ باياناتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ يېقىنقى مەقسىدى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» غا قارشى چوڭ گورۇھقا ئايلىنىش بولسا، ئۇزاقتىكى مەقسىدى جاھانگىرلىك ۋە زومىگەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش. خىتاي ۋە روسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ باياناتنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىششتىكى مەقسىدىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسىدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرى ۋە روسىيىنىڭ ھەمكارلىقىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇش، غەربنىڭ تەسىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىپ، خىتاي مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ۋە سۈپەتسىز ماللىرى ئارقىلىق بۇ رايوننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كونترول قىلىپ، بۇ ئاجىز دۆلەتلەرنى ئۆز بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش، ئاخىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئۈستۈنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كېڭەيمىچىلىك مەقسىدىگە يېتىش. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىششتىكى مەقسىدى بولسا ھەمكارلىق ۋاستىسى ئارقىلىق خىتاينىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋاقتىنچە ساقلىنىش، خىتايدىن ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىش ۋە خام ئەشيا چىقىرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھەل قىلىش، ئافغانىستان ۋە تاجىكىستاندىكى تالىپلار ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش، روسىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت. روسىيىنىڭ مەقسىتى، ئوتتۇرا ئاسىيادا قولدىن كەتكەن مەنپەئەتىنى قايتۇرىۋېلىش، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي نەپلىرىدىن پايدىلىپ كرىزىستىن قۇتۇلۇش، ئامېرىكىنىڭ قالقانسىمان راكىتاسىغا قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىلگىرىكى نوپۇزىنى تىكلەش.

ئەمما ۋاقىتلىق مەنپەئەت مۇددىئاسى بىلەن تىكلەنگەن بۇ كاۋاك تامنىڭ ئۇزۇنغىچە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئېھتىمالى يوق. رۇس ۋە خىتاي تارىخى كېڭەيمىچى دۆلەتلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان چېگرا لىنىيىسىنىڭ چېگرا نۇقتىسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، توقۇنۇش ۋەزىيىتى يېقىنغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. روس ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن، روسىيە ئىقتىسادىي كرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالدى ۋە چېچىنىستان ماجراسىغا بەنت بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالدا روسىيە خىتاينىڭ ئىقتىسادى ياردىمىنى قازىنىش ۋە خەلقئارا قوللاشقا ئېرىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتايغا ۋاقىتلىق دوستلۇق قولىنى سوندى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى كۆزىتىپ قىلىپ، ئىچكى دەردىگە داۋا ( ئاخىرى 30 ـ بەتتە )

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى







## دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ
## بىرىنچى نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك چاقىرىلدى!



(1) (2) دائىمى كومىتېت ئەزالىرى جىددى كېڭەشتە



(3) ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى ياشلار قۇرۇلتىيى ئىشخانىسىدا



2002
2